
ئابدۇسەمەت روزى

# ئىزچىلار



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئىزچىلار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: دىلمۇرات تۇرسۇن



ISBN 978-7-5631-2646-0

定价:65.00元

ئابدۇسەمەت روزى

# ئۈنچىلار

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

## مەرىپەت مارشى

### مەتىلى ئەپەندى

بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم- ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.

ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
يوختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى،

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلەنگەي ئىناۋىتىمىز.

مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.



ئاپتور: ئابدۇسەمەت روزى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **تۇرسۇن قادىر**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : **دىلمۇرات تۇرسۇن**
كىتاب بېتى ئىشلىگۈچى: **ئېلىجان ھوشۇر پىدائى**

# ئىزچىلار


ئاپتورى: **ئابدۇسەمەت روزى**

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى14№، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى:14.125
2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

---

ISBN 978—7—5631—2646—0
باھاسى: 65.00 يۈەن



ئاستىن ئاتۇش مۇئەللىملىرى ۋە تىجەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى (1935 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى)



مەمتلى ئەپەندى (1901-1937)

# ارتیش معارف طلبه‌لری

١٦ نجی رجب پنجشنبه کونی ارتیش معارف طلبه‌لری
سیاحت و اسپوز چلق اجراسیله شهرکه کلکانلر صونکره
سیجانك جنابلری زیارت قیلدیلر سیجانك طرفیدین بو علم
قافله‌سیغه تشکرلر ایله نطق‌لر ـ وزلنب طلبه طرفدین هم بك
یخشی نطق‌لر آتیلدی جناب سیجانك بولرکه ایکی دانه تن‌جن
بایراقی دفتر قلم‌لر بش میننك سر کاشغر تیزه‌سی اعانه قیلدیلر
جمعه‌دین صونکره سیاحت‌چلرینکی شهرکه جناب لوزوننك
سیلیننك زیارتیکه کتدیلر سیلیننك جنابلری بوعلم کاروانینی
کوروب کوب خرسندچلیك قیلیب تشکرلر سایله هر بر
طلبه‌که بر دانه‌دین اق روعال مرحمت قیلدی وهم سیزلر یخشی
سی قیلب اوقوسانکلر کوکلکلریکز شوآق یاغلیقدیك آق
بولادور دیب صونکره مکتب تأمیناتی اوچون بش میننك سر کاشغر
تیزه‌سی اعانه قیلدیلر صونکره ابراهیم آخوند لوزوننك مینك
سر ابراهیم آخونداخونیایوف ایکی میننك سر کاشغر تیزه‌سی اعانه
بردیلر حسینیم‌بای بر مطبعه وعده قیلدی محمود آخوندلوزوننك
محمد قربان آخوند عبدالرحمن آخوندلر طرفیدین ٥٤ دانه روعال
یوز تاختـه چونك کاغذ بر دانه قویلر هدیه بریلدی کاشغر
نشر معارف جمعیتی طرفدین ٥٤ دانه قلم و معلم محمد علی آخوند
افندیکه بر تون هدیه قیلندی وهم ملانیاز حاجم ١٥٠ سر
خافیو شهرلیك رحیم حاجم بر دانه مکتب ساعتی اعانه بردیلر
مکتب طلبه‌لری روحی خوش تحصیل و طلبکه اشتیاقلر ایله
مکتب‌لریغه مراجعت قیلدیلر . . .



ئاتۇش بويامەتتىكى مەمتىلى ئەپەندى خاتىرە سارىيى

## آرتيشده همت

١٣٥٣ ـ ابتداى جمادى الاخيرده كاشغر ملت مجلسيدين
بريلگان ٣ نچى رقمليك دستور العملكه بناء شوكتلو افنديمز
سيجانك جنابلرى نينك امر فرمانلرى نينك قبولى ايله كمينه
آلتين آرتيشغه شعبه معارف مديرى بولوب چقان ايديم. بناءً عليه
آرتيشده بو كونكى عصرى تعلم تربيه كه موافق مكتب نينك
يوقليغيدين عمومى يورتلرمزده مكتب نينك بوليشى نينك
ضرورليكى نى نظر اعتبارغه اليب يورت اعيانلرى نينك اتفاقى
بيلان بعضى يورتلركه مكتب اوچون بنكيدين بيلان سيزيلشى
بيله ن برابر اكثر يورتلرديكى مكتبلر نينك شكست رخيتلريكه
قرار بولونغان ايدى. حمدلر بولسون بوكون مذكور مكتبلر
طيار بولوب و بونكا تيرلك ياش يكى معلملر حاضرلانيب
عين زمانده مكتبلر آچيليب فعاليتكه كريشتيلر ١٧ يرده كى
مكتب ٤٣ صنفدين عبارت بولوب ايچينده كى طلبه لر نينك
سانى ١٣٢ دانه سى قيز اولماق اوزره (١٥٧٠) ده قيد دفتريكه
يازيليب درسكه دوام ايتلدى. بناءً عليه كمينه ده عموم مكتبلر
نينك مصارفينى بر كوروش مقصدى بولسه هم كمال يالغوزليقم
دين يتيشه لمديم. شو نچه ليك توزكول مكتبينك بانى لريدين
قيصقه بر دقيقه ايچينده الغان حسابيمده كورولگن مصرف
كيمحان سمان. پيميق تيش. رورب نلق نيماد ايفاد. بر يكار

# ئاتۇش مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرى

«16 ـ رەجەب پەيشەنبە كۈنى ئاتۇش مائارىپ تەلەبىلىرى ( ئوقۇغۇچىلىرى ) ساياھەت ۋە تەنتەربىيە پائالىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەرگە كەلدى. شىجاڭ جانابلىرى ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ئىلىم كارۋىنىغا تەشەككۇرلەر بىلدۈرۈپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى بايان قىلدى. جانابى شىجاڭ ئۇلارغا ئىككى دانە نەنجاڭ بايرىقى، دەپتەر ـ قەلەم، 5000 سەر قەشقەر تىزىسى ئىئانە قىلدى. ئەتىسى جۈمەدىن كېيىن ساياھەتچىلەر يېڭى شەھەرگە جانابى لوزۇڭ سىلىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى. لوزۇڭ سىلىڭ جانابلىرى بۇ ئىلىم كارۋىنىنى كۆرۈپ ئۇلارغا تەشەككۇر بىلدۈردى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا بىردىن ئاق رومال مەرھەمەت قىلدى ھەمدە ‹ سىلەر ياخشى ئەجىر قىلىپ ئوقۇساڭلار، كۆڭۈللىرىڭلار مۇشۇ ئاق رومالدەك ئاق بولىدۇ › دەپ، مەكتەپ تەمىناتى ئۈچۈن 5000 سەر قەشقەر تىزىسى ئىئانە قىلدى. ئىبراھىم ئاخۇن لوزۇڭ 1000 سەر، ئىبراھىم ئاخۇن ئاخۇنبايوف 2000 سەر قەشقەر تىزىسى ئىئانە بەردى. ھۈسەيىنمباي بىر دانە مەتبە ۋەدە قىلدى. مەخمۇتئاخۇن لوزۇڭ، مۇھەممەت قۇربان ئاخۇن، ئابدۇراخمان ئاخۇنلار تەرىپىدىن 54 دانە ئاق رومال، 100 تاختا چوڭ قەغەز، بىر قوي ھەدىيە قىلىندى. قەشقەر نەشرىي مائارىپ جەمئىيىتى تەرىپىدىن 54 دانە قەلەم ۋە مۇئەللىم مەمتىلى ئەپەندىگە بىر تون ھەدىيە قىلىندى. موللا نىياز ھاجىم 150 سەر قەشقەر تىزىسى، شەھەرلىك رىھىم ھاجىم بىر دانە مەكتەپ سائىتى ئىئانە قىلدى. ئوقۇغۇچىلار روھىي خوشال ھالدا زور ئىشتىياق بىلەن مەكتىپىگە قايتتى. . .»

(«يېڭى ھايات» گېزىتى 1934 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى)

## ئاتۇشتا ھىممەت

1353 ـ ئىپتىدائىي جامادىيەل ئاخىرىدا قەشقەر مىللەت مەجلىسى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن 3 ـ نومۇرلۇق ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن شەۋكەتلىك ئەپەندىمىز شىجاڭ جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەمىنە ئاستىن ئاتۇشقا شۆبە مائارىپ مۇدىرى بولۇپ چىققان ئىدىم. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاتۇشتا بۈگۈنكى زامان تەلىم ـ تەربىيەسىگە ماس كېلىدىغان مەكتەپنىڭ يوقلۇقىدىن، يۇرتلاردا مەكتەپ بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ بىرلىكتە قوللىشى بىلەن بىر قىسىم يۇرتلارغا مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈلۈپ، قارار قىلىنغان ئىدى. ھەمدۇلىللاھ بولسۇن، بۈگۈن مەزكۇر مەكتەپلەر پۈتۈپ، بۇنىڭغا كېتەرلىك ياش، يېڭى مۇئەللىملەر تەييارلىنىپ بۇ مەزگىلدە مەكتەپلەر ئېچىلىپ پائالىيەتكە كىرىشتى. 17 يەردىكى مەكتەپ 43 سىنىپتىن تەركىب تاپقان، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 132 نەپىرى قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، جەمئىي (1570) نەپەر ئوقۇغۇچى تىزىملىنىپ دەرس باشلاندى. مەندە ئومۇمىي مەكتەپلەرنىڭ خەجلىگەن مەبلىغىنى بىر قۇر كۆرۈپ بېقىش مەقسىتى بولسىمۇ، يالغۇزلۇقۇمدىن يېتىشەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ تۆركۆل مەكتەپىنىڭ چوڭلىرىدىن قىسقىچە ئالغان ھېسابىمدا كۆرۈلگەن سەرپىياتقا... ئوخشىغان بەزى ياردەملەردىن سەرپ قىلىنغان پۇل 39مىڭ 655 سەر قەشقەر تېزىسى بولۇپتۇ. مەزكۇر چىقىمنىڭ يۇرت خەلقىدىن خەجلەنگىنى 13مىڭ سەر قەشقەر تېزىسى بولۇپ، قالغان قىسمىنى تۆۋەندىكى ئەرباپ، ھىممەت ئىگىلىرى خەجلىگەن. ئىمىن مەخدۇم قازى رەئىس ئوغلى 9480 سەر، خوجا ئاخۇن ھەسەنباي ئوغلى 7000 سەر، مۇھەممەد ئاخۇن قۇربانباي ئوغلى 6000 سەر،

غه اوخشاغان بعض یاردملریدین ماعدا صرف بولونغان فل
بو کونکی فورسقه نسبتاً خیلی قوتلیك اولماق اوزه‌ره ٣٩٦٥٥
سر خافیو یکون توتوبدور . مذکور چیقم‌نینك یورت خلقیدین
بولونغانی ١٣٠٠٠ سر خافیو بولوب قالمیشی توبنده‌کی ارباب
حمیتلر طرفیندین خرج‌لنلمیشدور. ایمین مخدوم قاضی رئیس
اوغلی ٩٤٨٠ سر خافیو خواجه آخوند حسن‌بای اوغلی ٧٠٠٠
سر خافیو محمد آخون قربان بای اوغلی ٦٠٠٠ سر خافیو غریب
چونك ٩٥٠ سر خافیو هدایت‌الله حاجی ١٨٠ سر خافیو خواجه
قاسم نیاز چونك اوغلی ٨٤٠ سر خافیو صادق خیطب ٨٠ سر
خافیو قوشماق حاجی اوغلی عبدالقادر ٣٠٠٠ سر خافیو صالح
داملام ١٢٥ سر خافیو الحمدلله بر تورکول دیکان یورت
آرتیش یورتلری‌نینك اقتصادی جهتدین همه‌سیدین توشکون
وضعیتده بولسه هم معارف حصوصینده‌کی اعتقاد نقطه‌نظرینده
همه‌دین یوقاری اورونی توتدی . و بنه عموم تورکول خلق
داخیل اولماق اوزه‌ره ایمین مخدوم خواجه اخوند .
محمد آخوند نام‌شخصلر مادی و معنوی یاردمده فوق‌العاده‌لك
کورسه‌تیشی بیله‌ن برابر ابتدائی حرکتدین تابو کونکه‌قدر جسمانی
قوسری بیه‌ن [illegible]
اولکه‌سی‌نینك هر طرفیندین عمومی ایشلر عزده شونداغ عالی
همت، فدائی یکتلرنینك چیقیشلری نصیب ایله‌سون .

( آرتیش معارف مدیری محمد علی توفیق )

غېرىپ چوڭ 950 سەر، ھىدايىتىللا ھاجى 180 سەر، غوجا قاسىم نىياز چوڭ ئوغلى 840 سەر، سادىق خەتتاپ 80 سەر، قوشماق ھاجى ئوغلى ئابدۇقادىر 2000 سەر ، سالى داموللام 125 سەر قەشقەر تىزىسى ياردەم قىلغان. بىر تۆركۆل دېگەن يۇرت ئاتۇش يۇرتلىرى ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ، ئىمىن مەخدۇم، غوجى ئاخۇن، مۇھەممەت ئاخۇن قاتارلىق كىشلەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن باشتىن - ئاخىر ئالاھىدە ياردەمدە بولدى... ئۆلكىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئومۇمىي ئىشلىرىمىزدا مۇشۇنداق ئالىي ھىممەت، پىدائىي يىگىتلەرنىڭ چىقىشلىرىنى نىسىپ ئەيلىسۇن.

(ئاتۇش مائارىپ مۇدىرى مەمتىلى تەۋپىق)

(«يېڭى ھايات» گېزىتى 1935-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈندىكى ساندىن ئېلىندى)



# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئابدۇسەمەت روزى 1966- يىلى 5- ئايدا ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ ۋاقۋاق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز كەنتىدە تاماملاپ، 1978- يىلدىن 1981- يىلغىچە ئاتۇش شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرنى ئوقۇغان. 1981- يىلدىن 1983- يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، شۇ يىلى 9- ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1987- يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئاتۇش شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. 1994-يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، ھازىرغا قەدەر بۇ مەكتەپنىڭ تايانچ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئابدۇسەمەت روزى 1989- يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان « تەقدىر » سەرلەۋھەلىك شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھەر قايسى گېزىت- ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. رادىيو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئىجادىيەتتىكى زېھنىنى رادىيو- تېلېۋىزىيە مائارىپى ۋە ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ تەتقىقاتىغا قارىتىپ، ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقاتى »، «رادىيو- تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى »

قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا «ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش»، « ئوقۇتقۇچى پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار »، « مىللىي رايونلاردا ئوچۇق مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ ئەتىسى » قاتارلىق 10 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

« ئىزچىلار » ناملىق بۇ كىتاب ئابدۇسەمەت روزنىڭ 2005- يىلىدىن 2010- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن بەش يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق، ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى 1934- يىلى 8- ئايدىن 1935- يىلى 1- ئايغىچە ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدىكى قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا تەربىيەلەنگەن تۇنجى قارار ئىزچىلارنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپچىلىق ھاياتى تەتقىقاتىدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.





# تارىخنىڭ قان تومۇرلىرى

ئابدۇقادىر جالالىدىن

*نەزەر سالساق، ھاياتىي كۈچى زور مىللەتلەردە تەزكىرىچىلىك بىر ئالاھىدە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن .*

*ئەگەر كىتابخانىلارغا بېرىپ قارايدىغان بولساق، كىتاب ئىشكاپلىرىدىكى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك كىتابلارنىڭ ئىچىدە ياۋروپالىق ياكى ئامېرىكىلىق شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلارنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى بايقايمىز. گويا بىزگە دۇنيا تارىخىنى شۇلار ياراتقاندەك تەسىرات بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئەمما يۇقىرىقى ئەللەر زامانىمىزدىكى قاتتىق ۋە يۇمشاق كۈچىنىڭ غالىبلىرى سۈپىتىدە دىققىتىمىزدىن ئالاھىدە يەر ئالغان. ئەنە شۇ يۇمشاق كۈچتە، بۈگۈنكى غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي شەخسلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي تونۇشلىرى باردۇركى، ئۇلار ئەجدادلىرىنى، قەھرىمانلىرىنى، ھەر ساھەدىكى پىداكارلىرىنى بۈگۈنكى تارىخىي تۈرتكىنىڭ سەرمايىسىگە ئايلاندۇرغان. ئەجدادلار پەقەت ئەۋلادلارنىڭ تارىخىي ئېڭى ئۆلگەندila ئۆلگەن بولىدۇ، بۈگۈنكىلەردىكى جۇشقۇن تەپەككۇر ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى قەبرىلەردىن بىپايان ھايات بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ، جانلىق سىيما ھالىتىگە كەلتۈردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتى بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە*

قىلىدۇ. دېمەك، ئەجدادىنى ياد ئەتكەن ئەۋلاد يېڭى، شانلىق تارىخ يارىتىش كويىدىكى ئىزچىلاردىن ئىبارەتتۇر .

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك شەخسلىرىنى تۈرلۈك شەكىللەردە ياد ئېتىپ كەلگەن. داستانلار، قوشاقلار، تەزكىرىلەر، رىۋايەتلەر ۋە بۈگۈنكى تارىخىي رومانلارنىڭ ھەممىسى ئەجداد ـ ئەۋلاد دەرقەمتىلىكىنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئورخۇن ئابىدىلىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى نۇرانە تەزكىرىلەردۇر ۋە ئەزىمەتلىك، باھادىرلىق ھەققىدىكى بىباھا دەرسلىكلەردۇر .

قەھرىمانلار تارىخنىڭ يارقىن نۇقتىسى، مىللىي روھنىڭ ئومۇرتقىسى، ئۆتمۈشنىڭ ۋەسىيەتنامىسى، كېلەچەكنىڭ دەۋەتچىسى، مۇقەددەس كىتابلارغا قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى ئىبرەتلىك ۋە ھېكمەتلىك قىسسەلەرنى كۆرىمىز، ئۇلار توغرا يول تاپقۇچىلار ھەققىدىكى تەزكىرىلەردۇر. خۇلاسە كالام، قەھرىمانلار دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سەمەرىلەر سۈپىتىدە، كېيىنكىلەرنىڭ تارىخ سەپىرىدىكى يول بەلگىلىرىگە ئايلانغان .

ھازىر بىزدە بەدىئىي سۈپىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخىي رومانلار يېزىلىۋاتىدۇ. ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. ھازىرقى جىددى ئېھتىياجىمىزدىن قارىغاندا، ئۇلار ھەرگىز يېتەرلىك ئەمەس. بىز يەنە قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخىي شەخسلىرىمىز ھەققىدە بىزنى رىئال، ئەقلىي تونۇشلارغا ئىگە قىلىدىغان سوغۇققان، پىكىرچان تەرجىمىھاللارغا ئىگە بولۇشىمىز، ئۇلار ھەققىدىكى





پەلسەپەۋى يەكۈنلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بىز يەنە ھە دېگەندىلا نەزەرىمىزنى ئۆتمۈشكە قارىتىش بىلەن بولىدى قىلماي، يەنە ئەتراپىمىزدىكى تىرىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇلۇغلۇقنى كۆرۈپ يېتىشكە ئۆرۈنۈشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۆتمۈشتىكى پىداكارلارنىڭ روھىي گېنى ئەتراپىمىزدىكى ئاددىي، ھەشەمەتسىز كىشىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىدە ۋە تۆلىگەن بەدەللىرىدە ئۇدۇم ياراتقان بولىدۇ .

ئابدۇسەمەت روزى ئۇزۇن يىل ئەجىر قىلىپ يېزىپ چىققان «ئىزچىلار» ناملىق كىتاب ئىزلىرى ئۆچۈپ كېتىش خەۋپىگە بېرىپ قېلىۋاتقان ھازىرقى زامان تارىخىي شەخسلىرىمىز نامىغا بېغىشلانغان. گەرچە ھەربىر شەخس ھەققىدىكى مەلۇماتلار تونۇشتۇرۇش خاراكتېرى بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئەينى يىللار تارىخى ھەققىدىكى بەزى جانلىق خاتىرىلىرىمىزگە ئاساسەن ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئاشۇ تۇنجى ئەۋلاد مۇئەللىملەرنىڭ خالىس، مەردانە روھىنى، بەختسىزلىك كەچۈرمىشلىرىنى، مەككار كونا زامان قولىدىن پەيدا بولغان زەردابلارنى ۋە جاراھەتلەرنى، بىھۇدە تارتقان ئەلەملىرىنى، سەرسان ـ سەرگەردانلىقلىرىنى كۆرۈپ يېتىشكە مۇۋەپپەق بولالايمىز. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتلىرىدىن مۇنداق ئويلارغا كېلىمىز: جاللات شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان كونا شىنجاڭدا ئازراق جىگىرى بارلىكى ئادەملەر زەربە يېمەي قالمىغان، ئازراق ھەقنى سۆزلەش خەتەرلىك بولغان، ئازراق ياخشى ئىش قىلىش نۇرغۇن بەدەللەر ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشقان. روشەنكى، ئۇلار قەدەمدە بىر پىشكەللىككە يولۇققان بولسىمۇ، ئۈمىدۋار ياشىغان. دېمەك، بەزىدە بىر ئادەمنىڭ

ئۇلۇغلۇقىنى نەتىجە بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ياشىغان دەۋردىكى تىراگېدىيەنىڭ ماھىيىتى بىلەن، ئەنە شۇ تىراگېدىيەدە چاقنىغان ئىنسانىيلىقنىڭ سالمىقى بىلەن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، بىزنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزدا، بىزنىڭ ئابدۇسەمەت روزىغا، سەن ئاشۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتىدىكى بەزى تىپىك ھېكايىلەرنى، ئىنچىكە دېتاللارنى، خاراكتېرىگە ئائىت بەزى يىپ ئۇچلىرىنى قىستۇرۇۋەتكەن بولساڭ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى ئەمەسمۇ، دېگۈمىز كەلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلىي قول سېلىپ، ئاشۇ ئەزىزلەرنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەربىر ئىسىم، ھەربىر يىلنامە، ھەربىر شاھىد ئۈچۈن قانچىلىك مېھنەت قىلىپ، جاپا چەككەنلىكىنى پەرەز قىلغىنىمىزدا، بۇ ئەسەرنى تارىخىي قىممەت، تەتقىقات قىممىتى ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ئەسەر دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئەجرىگە تەشەككۈر ئېيتماي تۇرالمايمىز. ئابدۇسەمەت بىزگە مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: كۆزىمىز غالىبلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى بىلەن ئالىچەكمەن بولۇپ كەتمىسۇن، بۈگۈنكى تارىختا سەھنىگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن تالاي پىداكارلارنىڭ ئەجرى بار، بىزنىڭ مەنىۋى كۈچىمىز ئەشۇلارنى ياد ئېتىشتىكى سەممىيىتىمىزدىن تۇغۇلىدۇ.

ئابدۇسەمەت ئۆزىگە ئوخشاش ئاددى بىر ئوقۇتقۇچىغا شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ئاددى، ئەمما قىممەتلىك تۆھپىكارلىرىنى قەلەمگە ئېلىپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نەزەرىگە تاپشۇرايلى، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتسەك قارا يۈز پېتى كېتىپ قالىمىز. بۈگۈنكى تور دەۋرى





ھەممىنى ئۆزگەرتتى: مەسئۇلىيىتىڭىزنى بىلسىڭىز، ئۆزىڭىز خالىغان ۋاقىتتىن باشلاپ يازغۇچى ياكى مۇخبىر، ئۇنىڭغا كېنىشكە كەتمەيدۇ .

ئابدۇسەمەت روزى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ قاراڭغۇ ئۆيلەرگە چىراغ ياققان 54 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىزچىنىڭ سىدام تەرجىمىھالىنى بىزگە كۆرسەتتى. ئۇلار ئەينى دەۋر تارىخىمىزنىڭ قان تومۇرلىرى، ئۇلارسىز تارىخ چىن بولالمايدۇ. بەلكىم، ئەۋلادلىرىمىز ئاشۇ تەزكىرە ئارقىلىق تېخىمۇ غول مەزمۇنلارغا ئىگە بولغۇسى ياكى ئۇلار ئاشۇ جەمەتنىڭ پەخرىي يادا تېشى بولۇپ قالغۇسى.

2013-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى سەھەر

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 1

ئابدۇراخمان شائىر ........................ 1

ئابلىز قاري مامۇت ........................ 11

ئابدۇغوپۇر ئىمىن ........................ 17

ئابدۇرېشىت ھاجى ........................ 21

ئابدۇغوپۇر قۇناجى ........................ 27

ئابدۇراخمان يۇسۇپ ........................ 31

ئابدۇراخمان شاۋاز ........................ 39

ئابلاجان زاكىر ........................ 45

ئابدۇراخمان سەمەر ........................ 51

ئابلىز تىلىۋالدى ........................ 55

ئابلىز قاري جامال ........................ 59

ئابدۇرېشىت ئىمىنھاجى ........................ 63

ئابلىمىت قاري ئەيسا ........................ 67

ئابدۇراخمان تاش ........................ 71

ئابدۇلبارى غوجى ........................ 77

ئابلا مۇھەممەت ئىمام ........................ 81

ئابلىكىم مامۇت ........................ 85

ئابدۇراخمان ھەسەن ........................ 89

ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەت ........................ 93

ئابدۇسەمى قارىي ھاجى ..................... 97
ئەمەت موللا ئەزىز ..................... 99
ئەيسا ياسىن ..................... 103
بەدرىدىن ئابدۇجېلىل ..................... 107
تۇرداخۇن شەيخ ..................... 115
روزى كېرىم ..................... 119
رىشات مۇسا ..................... 129
روزىمۇھەممەت ھابىل ..................... 133
زۇنۇن تىلىۋالدى ..................... 137
سەيپىدىن ئەزىزى ..................... 143
ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ..................... 151
سادىق مۇسا ..................... 181
سايىم مەمتىمىن ..................... 185
قاسىم ئۇسەن ..................... 189
مۇھەممەت قارىي مەشرەپ ..................... 193
مۇھەممەدىن توختى ..................... 201
مۇھەممەت قارىي ئەمەت(ئىلىيوف) ..................... 209
مۇھەممەت سالمان ..................... 213
مۇھەممەت ساۋۇر ..................... 219
مۇھەممەت قارىي ئەمەت(رىزا) ..................... 225
موللا ئەمەت مۇھەممەت ..................... 229
مۇھەممەت قارىي ھېلىم ..................... 235
مۇھەممەت قارىي ئىبراھىم(زەكىي) ..................... 241
مۇھەممەت ئەزىز ..................... 245
مەتنىياز ئەمەت ..................... 249



مېھمانچوڭ ئابدۇرېھىم ..................... 253
مامۇت ئوبۇلقاسىم ..................... 257
نەسرىدىن سادىق ..................... 261
نۇر سەئىدىن ..................... 265
ھەسەن ھاجى تالىپ ..................... 269
ئوسمان ئابدۇللا ..................... 275
ئوبۇلخەيرى ھاشىم ..................... 279
ئۇسەن قارىي ھېلىم ..................... 283
ياسىن ھاشىم ..................... 293
ياسىن تۇردى ..................... 297
يۇسۇپ روزى ..................... 301
ئاخىرقى سۆز ..................... 305

# مۇقەددىمە

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى سودا يولى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا ئەللەر ۋە ياۋروپا سەپىرىدىن ئەقىل كۆزى ئېچىلغان، دېموكراتىك ئاڭغا ئىگە ۋەتەنپەرۋەر ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار ئاتۇش ئىكساقتا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كونىچە تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىغا قارىتا زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ مۆجىزىنى بارلىققا كەلتۈردى.

1907 ـ يىلى چەت ئەلدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، مەشھۇر جەدىتىزمچى ئالىم، داڭلىق ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى قىزغىن قوللاپ، يېڭى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، جەدىتىزملىق مائارىپ ئىدىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىكساق مەكتىپىنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ۋە تەمىنلەش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا يەنە بىر سەھىپە ئاچتى.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا مەرىپەت ئاشىنالىرىغا ئايلىنىپ، تەنلەر قازالىرىغا تىك باقالىغان خەلق ئوغلانلىرىنىڭ ئاقارتىش ھەرىكىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ

يىللىرىغا كەلگەندە ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوغلانى مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) نىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن ئاستىن ئاتۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، غەپلەت ئۇيقۇسى داۋاملىشىۋاتقان تارىم ۋادىسىنى جاراڭلىق چوقان بىلەن ئويغاتقان ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەركىتى بارلىققا كەلدى.

مەمتىلى ئەپەندى 1901- يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە توختىھاجى ئىسىملىك تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۆز زامانىسىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئائىلىسى مەرىپەتنى، ئىلىم- پەننى ھىمايە قىلغۇچى ئائىلە ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى دۇنياغا كۆز ئاچقان شۇ يىللار ھەممە يەرنى زۇلۇم قاپلىغان، ئىستىبداتلىق چەككە يەتكەن، خەلق نادانلىق ۋە قالاقلىق ئىلكىدە ئېغىر ھالسىراۋاتقان قاراڭغۇ دەۋر بولغاچقا، توختىھاجى تېۋىپ ئوغلىنىڭمۇ نادان، قالاق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كىچىكىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا بولغان تەربىيەنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرمىغان. مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 13ياشقا كىرگەندە ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدە قۇناجىم ( قۇربان ھاجىم ) دېگەن كىشى ئاچقان «ئاق مەيدان مەكتىپى» نامىدىكى يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇپ، تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال دېگەن كىشىدىن يېڭىچە تەلىم- تەربىيەنى قوبۇل قىلغان. بۇ ئوقۇش جەريانىدا





مەمتىلى ئەپەندى ئەھمەد كامالنىڭ جەدىتىزملىق ئىدىيەسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ زېرەك ۋە چاققانلىقى بىلەن ئۇستازىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان. 1917- يىلى جاھالەتچى كۈچلەرنىڭ پىتنە- پاسات تارقىتىشى ۋە ياڭ زېڭشىن مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئەھمەد كامالنىڭ ئاتۇشتىن كېتىشى بىلەن « ئاق مەيدان مەكتىپى » تاقىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇشسىز قېلىپ، دادىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

1920- يىلى مەمتىلى ئەپەندى دادىسى توختىھاجى بىلەن بىللە چۆچەككە بارغان. بۇ قېتىمقى سەپەر ئارقىلىق ئۇ جاھالەت ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسىدىكى خەلقنىڭ ئازاب- ئوقۇبەت تۈتەكلىرى ئىچىدە قالغان ھاياتى بىلەن تونۇشقان. داۋاملىشىۋاتقان ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە مىللىي زۇلۇم ئاستىدىكى خورلۇقنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ئورتاق قىسمەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن. بۇ پايانسىز ئۆلكىنى قەشقەردىن چۆچەككە قەدەر جەنۇب- شىمال يۆنىلىشىدە ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنكى بىۋاسىتە تەسىرات ۋە چۆچەكتىكى بىر قانچە يىللىق سەرگەردانلىق ھايات، ياشلىق ھاياجانلىرى قايناپ تۇرغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قەلبىدە، زۇلۇم- زالالەت قامچىسى ئاستىدا قاشاڭلىشىپ، بىخۇتلۇق، نادانلىق، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا يەتكۈچە پاتقان مەزلۇم خەلقنىڭ روھىنى زامانىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى بىلەن سۇغىرىپ، ئىلىم- مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇش ئىستىكى

ئويغانغان. مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئۇلۇغۋار ئىستەكلەرگە يارىشا 1926 ـ يىلى چۆچەكتىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان. ئۇ شەمەيدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تاشكەنتكە بېرىپ بىر قىسىم ۋەتەنداشلار ۋە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە يېڭى مائارىپ، يېڭى ئىدىيەلەر بىلەن تونۇشقان. 1929 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى قارا دېڭىز بويىدىكى قىرىم يېرىم ئارىلىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ تۈركىيەلىك بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ، شۇ كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستانبۇلغا بارغان. مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتىن چىقىپ تۈركىيەگە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، هاياتنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى تارتقان، هەر خىل ئىدىيە ـ ئېقىملار بىلەن ئۇچراشقان، خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەن يىللار تۈركىيەنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى يېڭىلىنىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى گۈللىنىپ، ئىقتىسادى كۈچىيىپ، تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىشىپ مېڭىۋاتقان مەزگىللى ئىدى. ئۇ ئىستانبۇلدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، دىپلوماتلارغا خاس مۇناسىۋەتشۇناسلىقى بىلەن بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەر بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستانبۇلدىكى بىر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە قارا خىزمەتچىلىككە ئورۇنلاشقان. تېخىمۇ ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەش مەقسىتىدە نۇرغۇن جاپالارنى باشتىن كۆچۈرگەن مەمتىلى ئەپەندى بۇ ياخشى پۇرسەتتىن ئۇنۇملۇك





پايدىلىنىپ، داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا سۆزلىگەن لېكسىيەلىرىنى دېرىزە يېنىدا ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلاپ، خاتىرە قالدۇرۇپ، بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا باشلىغان. مەمتىلى ئەپەندىدىكى شۇ قەدەر بىلىمگە شەيدا روهنى ۋە ئىجتىهاتنى كۆرگەن مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ، رەسمىي ئوقۇغۇچى قاتارىدا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا قوشۇلغان. مۇنتىزىم ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنگەن مەمتىلى ئەپەندى تولىمۇ تەستە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەشكە باشلىغان. ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىر مەزگىل ئىستانبۇلدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن مەمتىلى ئەپەندى ئانا يۇرتى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

1934 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ ئۆز هۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ قېلىش، هاكىمىيەتنى مۇستەهكەملەش مەقسىتىدە گومىنداڭ جياڭ جيېشى هۆكۈمىتىگە قارشى يول تۇتۇپ، جاهانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ بولۇش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت « ئالتە بۈيۈك سىياسەت » نى يولغا قويۇشى بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە نىسپىي مۇقىملىق هالىتى

شەكىللەنگەن. مۇشۇنداق پەيتتە، مەمتىلى ئەپەندى يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە ئورۇنلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ئالتىنچى دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت شىجاڭ ) نىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن، ئاتۇشتىكى تەرەققىيپەرۋەر بايلار، يۇرت چوڭلىرى ۋە ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن خەلقنى ئىلىم-پەن يولىغا باشلاش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاستىن ئاتۇشتا ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق دولقۇنىنى قوزغاپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا يەنە بىر قېتىم كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە مىسلىسىز مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

مەمتىلى ئەپەندى جىددىي ۋە قىسقا مۇددەتلىك پىلان تۈزۈپ، ئالتە ئاي ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدە بىردىن ئىپتىدائىي ( باشلانغۇچ ) مەكتەپ سېلىش ۋە ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش ھەرىكىتىنى يولغا قويغان. ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئاستىن ئاتۇش تەۋەسىدىكى ھەر قايسى كەنتلەردىن 63 نەپەر ياشنى تاللاپ چىققان بولۇپ، بۇلار ئۆز دەۋرىدە مەدرىسەلەردە ئوقۇپ مۇئەييەن بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان، ئىلغارلىققا، يېڭىلىققا ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، ياشلىق غورۇرى ۋە شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جەڭگىۋار ياشلاردىن ئىدى. ئۇلار مەمتىلى





ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ئېچىش، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، بۇ ئارقىلىق مىللەتنى نادانلىقتىن ۋە خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك مەنىلەرگە تويۇنغان تەشۋىقاتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئۇلۇغۋار ئىشنى باشلىماقچى بولغان بۇ مەنىۋى يېتەكچىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئەگەشكەن. نەتىجىدە، 1934- يىلى 8- ئايدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر باي موللا تۇردى ھاجىم 1916- يىلى ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ سالدۇرغان، ئاستىن ئاتۇش تەۋەسىدىكى شارائىتى بىر قەدەر تولۇق، كىشىلەر تەرىپىدىن «ياۋروپاچە مەكتەپ » دەپ تەرىپلىنىدىغان، قۇمال تاغدىن ھالقىپ ئۆتسىلا قەشقەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە ئىگە بۇ مەكتەپتە مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئاتۇشتا 1907- يىلى ئىكىساقتا قۇرۇلغان «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» دىن كېيىنكى ئوڭئېرىق مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى — «ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىن» بارلىققا كەلگەن.

ئوڭئېرىق مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلىشى بىلەن ئۇنىڭ تەسىرى تېز سۈرئەتتە ئەتراپقا تارىلىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئىلىم تەشنالىقىدا قاغجىراپ، چاك- چېكىدىن يېرىلىپ كەتكەن بۇ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ بىۋاستە ھەقداسى بولغان نادان ئەلنىڭ روھىي دۇنياسىدا كۈچلۈك تەۋرىنىش پەيدا بولغان. جىسمىنى

قامالاپ بېسىپ تۇرغان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان. ئەتراپىدا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ئاجايىپ بىر نۇر ــ يورۇقلۇقنىڭ ئۆزلىرىگە كەڭ غۇلاچ كېرىۋاتقانلىقىنى غۇۋۋا ھېس قىلىشقا باشلىغان.

دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر، تەق-تۇرقى، يۈرۈش-تۇرۇشىدىكى سىپايىلىك، كىيىنىشىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر، ئۇلار ئۆگىنىۋاتقان يېڭىچە بىلىملەر، توۋلاۋاتقان جاراڭلىق ناخشا-مارشلار، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ھەيۋەتلىك مەش-قەدەملەر... دۇنيادىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلاردىن خەۋەرسىز، دىلى سۇنۇق ئاۋامنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتقان ئىدى.

دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەي مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر كۆز ئالدىدا نامايان بولۇۋاتقان بۇ ئاجايىپ مەنزىرىدىن ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ، نەچچە قەدەم ئارقىلىرىغا داجىدى. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن نادان خەلق ئارىسىدا شەكىللەندۈرۈۋالغان تەسىر كۈچىگە تايىنىپ، ئاڭ ئويغىنىشى ياساۋاتقان بۇ يېڭىچە ھەرىكەت ساھىبى بولغان ئىلىم كارۋانلىرىنى جىددى رەۋىشتە توسۇش ۋە تارقىتىۋېتىش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى. كونا دۇنيانىڭ ھاۋاسىغا خۇمار بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم يۇرت چوڭلىرىنىڭ بىدئەتچى، مۇتەئەسسىپ مەيدانى يېڭىچە مائارىپ ئىشىغا ئېغىر تۇسالغۇ پەيدا قىلىپ، ئەشەددى پىتنە-ئىغۋالار، نادانلىق ۋە جاھىللىقنىڭ مەھسۇلى بولغان قارشىلىقلار يامراشقا باشلىدى. ئۆز نەپسى ئۈچۈن





ئەلنى سېتىشنى ھار ئالمايدىغان بىر قىسىم موللىلار ۋە جاھىل سوپىلار مەسچىتلەردە ۋە ئايرىم جامائەت سورۇنلىرىدا يېڭىچە مەكتەپكە يول بەرمەسلىك، قۇرۇلۇش باشلىغان مەكتەپلەرنى توختىتىشنى تەرغىپ قىلىش، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنى بارلىق يامان ئىشلارنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرى دەپ ئۇقتۇرۇشتەك تەتۈر تەشۋىقاتلارنى قىلىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئېغىر قۇتراتقۇلۇق قىلدى. نەتىجىدە، دەماللىققا ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمىگەن بىر قىسىم نادان كىشىلەردە قارشىلىق كەيپىياتى شەكىللىنىپ، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنى يوللاردا توسۇپ ئۇرۇش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىشتەك ئەھۋاللار كۆپىيىپ، قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمگەن ياخشى ۋەزىيەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتۇشتا بارلىققا كەلگەن ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى ئىلغار كۈچلەر بىلەن دىنىي چەكلىمە، فېئوداللىق تەرتىپ ۋە زوراۋان كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلدى.

سەلبىي كۈچلەر پەيدا قىلغان توسقۇنلۇقلار سەۋەبىدىن دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇش تازا يۈرۈشمىگەن. كۇرسانتلار گەرچە ئوقۇشتىن بىزار بولمىسىمۇ، تۈرلۈك بېسىملار سەۋەبىدىن بىر-ئىككىدىن ئازلاپ 30 نەچچىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ يۈرىكى زېدە بولغان مەمتىلى ئەپەندى كېچىلەپ ئائىلە سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ، تاراپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلىرىنى قايتىدىن يىغىشنىڭ ئامالىنى

ئىزدىگەن بولسىمۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ جىددىي ھەرىكەت قوللىنىپ مەھمۇت شىجاڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلىگەن. 1934- يىلى 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پۇختا تەييارلىق بىلەن قېپقالغان ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە كىرگەن. بۇ قېتىمقى قەشقەر سەپىرىدە مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن ئۆزى ئويلىغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قوللاشقا ئېرىشكەن مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشقا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، مەھمۇت مۇھىتى بەرگەن ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن تاراپ كەتكەن كۇرسانتلار ( ئىزچىلار ) نى قايتىدىن يىغىپ تەشكىللەپ دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇشنى ئۆز ئىزىغا سالغان.

1935 - يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىش پىلانى جاپالىق كۈرەشلەر ۋە ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان. ئاستىن ئاتۇش تەۋەسىدىكى 17 ئورۇندا قۇرۇلۇۋاتقان مەكتەپلەر پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى پۈتكۈزگەن 54 نەپەر ئىزچى كەنتلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ مەزگىلدە ئاستىن ئاتۇش تەۋەسىدىكى17 ئورۇنغا سېلىنغان ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) مەكتەپ 43 سىنىپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، جەمئىي 1570 نەپەر ئوقۇغۇچى ھەر قايسى مەكتەپ ۋە سىنىپلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 17 مەكتەپتە بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇتۇش باشلانغان.

ئوڭئېرىق دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى (ئىزچىلار)





غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنى قىسقىغىنە ئالتە ئاي ۋاقىت ئىچىدە ھەر قايسى پەنلەر بويىچە كەسپىي جەھەتتىن مۇكەممەل يېتىلىپ، ئەتراپلىق پەننىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈن ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان دەپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن ئۇلار ئىدىيە جەھەتتىن ئويغىنىپ، مائارىپ ئۈچۈن، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلالايدىغان پىداكار روھ ۋە كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە بولۇپ يېتىشىپ چىققان. چۈنكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چىدىغۇسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، چىقىش يولى تېپىشتەك قەھرىمانلىق شىجائىتى، ئىش قىلغاندا بىجانىدىل بولۇش، كىشىلىك ھاياتتا غورورلۇق ۋە راستچىل بولۇشتەك ياشاش مىزانى، دۇنيانىڭ مەئىشىتىنى دادىللىق بىلەن بىر ياققا ئىتتىرىپ قويۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتەك پىداكارلىق روھى ياش تەلەپكارلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا زور بۇرۇلۇش ياسىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شۇ دەۋرگە خاس بولغان قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە يۇقىرى مېتود بىلەن مىللىي ئەنئەنىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ جامائەت ئەخلاقى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەتلىرى، مىللىي خاراكتېرى ۋە ئەنئەنىسىگە بولغان ھۆرمەت ئېھتىراملىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ، مائارىپنى مىللەتنى، ۋەتەننى كامال تاپقۇزىدىغان تۈۋرۈككە ئايلاندۇرۇشتا ئېغىر بەدەللەرنى

تۆلەشتىن قورقماي، بارلىقىنى مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلالايدىغان ئىرادىگە ئىگە مەدەنىيەت قوشۇنى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش توغرىسىدىكى تەربىيەسىگە نائىل بولغان. مانا موشۇنداق قىممەتلىك تەلىم- تەربىيەنى قوبۇل قىلىش شەرىپى ۋە پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئوقۇغۇچىلار ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېيىنكىلەرگە چىقىش يولى ئىزدەش ئۈچۈن «ئىزچىلار» دېگەن مۇبارەك نام بىلەن يېڭى مائارىپچىلىق دولقۇنىغا شۇڭغۇپ كىرگەن.

پەن- مەدەنىيەت تارىخىمىزدا شۇنچىلىك كاتتا ئىدىيە بىلەن تويۇنۇپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جەريان بىلەن بېزەلگەن، يىللارنىڭ تۇمەن خىل ئۆزگىرىشلىرى تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قالغان بۇ خاسىيەتلىك ئىز، ئالدىنقى ئەسىر 80- يىللارغا قەدەم ئالغاندىلا قايتىدىن بايقالدى. 1981- يىلى، مىرئەھمەت سېيىت ئەپەندىنىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 3- سانىغا بېسىلغان «شائىر تەۋپىق» سەرلەۋھەلىك ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن، مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر تۇنجى قېتىم جەمئىيەتكە ئاشكارىلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1985- يىلى ئاتۇش ئىكىساقتا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنالدا، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مەخسۇس ماقالە تەييارلاپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتىغا دائىر ئىنچىكە مەلۇماتلارنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇشى، تونۇلغان ئەدەبىي ئوبزورچى يالقۇن روزىنىڭ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى»،





«ئاسىيا كىندىكى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىنىڭ ئارقا- ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشى، يازغۇچى زۇلپىقارنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 18- سانىدا ئېلان قىلىنغان «يېرىم ئەسىر يوشۇرۇنغان قەبرە» ناملىق ئوچېرىكى، ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ۋە 1997- يىلى يالقۇن روزى بىلەن مىرئەھمەت سېيىت ئاپتورلۇقىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كاتتا ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مۇبارەك نامى تىلغا ئېلىنمىغان يېرىم ئەسىرلىك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى 1930- يىللاردا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىشلارنى تەۋرەتكەن مەمتىلى ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ تۆھپىكار ئوغلانىنىڭ خاسىيەتلىك ئىش- پائالىيەتلىرىنى كەڭ دائىرىلىك بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىش ھالىتىگە بېرىپ قالغان « تەۋپىق روھى» قايتىدىن جۇلالىنىپ ئۆز قىممىتىنى تاپتى.

دەۋر تەقەززاسى ۋە مىللەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئاتۇشتا بارلىققا كەلگەن ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى چاقماق تېزلىكىدە يولغا قويۇلۇپ ئىزچىللىشىشى، تەربىيەلەش نىشانىنىڭ ئوقۇغۇچىلار دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا

يۇزلىنىشى، پۇتكۈل تارىم ۋادىسىغا تەسىر كۆرسىتىشتەك تەشۋىقاتچانلىقى ۋە بۇ مەرىپەتچىلىك قايىنىمىدا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىگەن مائارىپچىلارنىڭ ( ئىزچىلارنىڭ ) خەلقنى ئاقارتىش يولىدا قۇربان بېرىشتەك قەھرىمانلىق روھى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت مائارىپ تارىخىدا روشەن خاراكتېرلىنىدۇ ۋە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپچىلىق ھاياتى ۋە ئۇ باشلىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى مائارىپ- مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ھەر ۋاقىت تەتقىق قىلىشقا ۋە قېزىپ چىقىشقا تېگىشلىك چوڭ تېما. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە «مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى» نىڭ ئېچىلىشى ۋە بۇ كۇرستا تەربىيەلىنىپ چىققان 54 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىزچىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئاقارتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى، بىر تەرەپتىن، خەلقنى نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى داغدۇغىلىق مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېزىلىشكە، خورلۇققا ۋە فېئوداللىققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق دېموكراتىك ھەرىكەت.

يېقىندىن ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قەدەم قويغان ئىزچىلار غايەت زور يېڭى مەدەنىيەت سېپىنى ھاسىل قىلىپ، مەرىپەتنىڭ نۇرانە مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە تەرەققىياتىغا تۇسالغۇ بولۇۋاتقان خۇراپاتلىق كىشەنلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ياخشى- يامانىنىڭ تېگى- تەكتىنى تولۇق ئاڭقىرالماس بولۇپ قالغان نادان ئەلنىڭ چەككەن رىيازەتلىرىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى. مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەر





خىل ۋاستىلەر بىلەن قاتتىق چەكلىشى، كونا دۇنيا ھامىيلىرى ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە سۇكۇت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە، توغرا تەلىم- تەربىيە ۋە تەشۋىقاتلارنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، خاتا تەربىيەنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ نامرات ۋە قالاق تۇرمۇشتا، خۇراپىي مۇھىتتا ياشاپ مەدەنىي ھاياتتىن يىراقلاپ كەتكەن خەلقنى ئويغاتتى. ئىلىم -پەن ھەقىقىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى قوراللاندۇرۇپ يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇلارنى ئۈمىدۋار ياشاشقا، ھايات دولقۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ غەيرەت- شىجائىتى ۋە ئەقىل- پاراسىتى بىلەن يېڭىش يولىغا ئاتلىنىشقا ۋە تەقدىرنىڭ مەيلىنى كۈتۈپ يېتىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭىدىن تەشكىللىدى ۋە يېتەكلىدى.

ئىزچىلار مۇۋاپىقىيەتنىڭ تۈپ كاپالىتى بولغان قەتئىي ئىرادە بىلەن تارىخىي بۇرچ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئوقۇتۇش ۋە تەلىم- تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بىر مۇئەللىمنىڭ يارامسىز بولۇشىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن ئەۋلادلارنى قانائەتلىنەرلىك بىلىمگە ئىگە قىلىش، ئەۋلادنىڭ روھىنى ئويغىتىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيادىن يىراقلاپ كەتكەن قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زامان ۋە ماكان توساقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئىجتىھات قىلدى. مەكتەپ ۋە ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئۇقۇمنى ئەڭ قىزىق نۇقتىغا ئايلاندۇرۇپ،

مەكتەپنى بارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە كىشىلەرگە تونۇتتى ۋە تەشۋىق قىلدى. يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مۇئەللىملەرنى ئۆز كەنتىدىكى مەكتەپلەردىن باشقا مەكتەپلەرگە ئالماشتۇرۇپ تەقسىم قىلىشتەك ئۆزگىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىستىراتېگىيەسىنى قوللاپ، ئائىلىسى ۋە باللىرىدىن ئايرىلىپ مەكتەپلەردە ياتاقلىشىپ جاپالىق خىزمەت قىلدى، ئەجىر سىڭدۈردى. تارتقان جاپاسى ۋە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە يارىشا تۇرمۇش مەئىشىتىگە ئېرىشىش، بەلگىلىك ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇپ، ھۇزۇر-ھالاۋەت كەيپىنى سۈرۈش ئارزۇسىدا بولمىدى. ئۇلار بىر يىللىق ئەمگەك ئەجرى ئۈچۈن بىر- ئىككى تاغار ئاشلىق ياكى بىرەر توپ گەزلىمە رەخت قاتارلىق ئەينى دەۋر تەمىناتلىرىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋە نىشانى قىلمىدى. ئۇلارنىڭ جىسمىدا ئەكس ئەتكىنى پەقەت مىننەتسىز، شەخسىيەتسىز، تاماسىز خىزمەت قىلىپ، ئەۋلادلارنىڭ روھى ۋە جىسمىنى پاكلاپ، ئۇلارنى ئادەمدەك ياشاش ھوقۇقى ۋە پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئىزچىلار بۇ بۈيۈك مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى دېموكراتىك روھنى نامايان قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى باشلىغان بۇ مۇقەددەس ھەرىكەتنىڭ قىممىتى بىلەن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىۋاتقان تەھدىتىنى





دەڭسەپ كۆرۈپ، ئارمانلىرى ھاسىل بولماستىن دۇنيادىن كېتىشكە رازى بولىدىكى تەسلىمچىلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىشنى ھەرگىز راۋا كۆرمىدى. ئاتۇشتا بۇ قېتىمقى يېڭى مەرىپەتچىلىك مەشئىلىگە ئوت تۇتاشتۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق، خۇراپاتلىق بىلەن پەن- مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. قالاق كۈچلەر، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇ ھەرىكەتكە قارىتا قولىدىن كېلىشىچە قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئىزچىلار ۋە ئۇلار باشلىغان ئاقارتىش ھەرىكىتىنى «كالتە قۇيرۇق، دەھرى، مۇناپىق، ئىمانسىز» لىق بىلەن ئەيىبلەپ، ئاشكارە- يوشۇرۇن تىللاش، ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇش، مەكتەپلەرنىڭ ئىشىك- دېرىزىلىرىنى يوشۇرۇن بۇزۇپ- چېقىش، ئاتا- ئانىلارنى باللىرىنى مەكتەپتىن قايتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قىستاشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، يېڭى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىگە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق بىلدۈردى. ئىزچىلار بولسا دولقۇن ياساۋاتقان مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى سۈپىتىدە جاھىل كۈچلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل- پاراستى، ئىلغار ئىدىيەسى، جەڭگىۋار روھى، كىشىلىك پەزىلىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆپچىلىك خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب مايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن مائارىپتىن ئىبارەت بۇ يېڭى شەيئىنىڭ تەرەققىياتى ۋە

چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى.

1937- يىلى يازدا، ئىككى يۈزلىمىچى شىڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى چۆرۈپ تاشلاپ، سىياسىي جەھەتتە ئەكسىيەتچىلىشىش يولىنى تۇتتى. ئاتالمىش «سۈيىقەست ئەنزىسى»نى پەيدا قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىلغار زىيالىيلارنى دەھشەتلىك باستۇردى. سۈيىقەست، تۆھمەت، قىرغىنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى ئەۋجىگە چىقىپ نورمال سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ بۇزۇلدى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەكتەپ مائارىپى گومىنداڭ ۋە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ، يەرلىك خاقانلارنىڭ ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. چۈنكى يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەقسىتى بىلەن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرنىڭ مۇددىئاسى قارىمۇقارشى ئىدى. بىرى خەلقنى ئويغىتىمەن دېسە، يەنە بىرى خەلقنى نادانلىقتا، خۇراپاتلىقتا قالدۇرۇشنى ئويلايتتى. شۇڭا مۇشۇ قېتىمقى سۈيىقەستلىك ھەرىكەتتە مائارىپ ئىشلىرى ۋە مائارىپچىلار ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان نەچچە ئون مىڭلىغان ئىلغار زىيالىيلار، جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۈز- ئابرۇيى بار سەرخىللار قاتارىدا، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق سەككىز نەپەر مۇنەۋۋەر ئىزچى خائىنلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلار





يېڭى مەكتەپ مائارىپىدىكى چاقنىغان يۇلتۇزلار ئىدى. ئۇلار مىللەتنىڭ ئۈستىدىكى مۇشەققەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقنىڭ دىلىنى ئاقارتىپ، كۆزىنى يورۇتۇش يولىدا ئەكسىيەتچىلەر ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان قەيسەر جەڭچىلەر، خەلقنىڭ مەڭگۈ ياد ئېتىشىگە مۇناسىپ قەھرىمان ئوغلانلاردۇر. مۇشۇ قېتىمقى قانلىق پاجىئەدىن كېيىن، مەرىپەت بۆشۈكىگە ئايلانغان ئاتۇشتا ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ئەينى يىللىرى مەمتىلى ئەپەندىگە ئەگىشىپ مەرىپەت مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان مۇئەللىملەر گومىنداڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغان، ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەنسېرى ئىلغار ئىدىيە ۋەكىللىرى ئۇشتۇمتۇت كېچىلىرى ئۆيىدىن چاقىرىپ ئېلىپ چىقىلىپ ئىز- دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئەنسىزچىلىك دەۋردە، ھايات قالغان ئىزچىلار بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى كۆرۈپ، ئۆلۈم خەۋپى ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرسىمۇ خەۋپ- خەتەردىن باش تارتماي يەنىلا ئوقۇتۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور پىداكارلىق كۆرسەتتى. بىراق مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا، مەكتەپلەر بىر- بىرىگە قوشۇۋېتىلىپ مەكتەپ سانى ئازايتىلدى. يېشى بىر قەدەر چوڭراق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئەڭ كىچىك بالىلار مەكتەپلەردە قالدۇرۇلۇپ، ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ مۇددىئاسى بويىچە تەربىيەلەندى. ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى قايتىدىن تۈزۈلۈپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ

ئىلغار ئىدىيەسى، ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇ ئىجاد قىلغان ناخشىلارنىڭ مەكتەپلەردە تەتبىقلىنىشى قاتتىق چەكلەندى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى چاكىنىلاشتى، شۇ قەدەر ئىلغار ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى بىلەن تويۇنۇپ، يېڭىچە جەڭگىۋار ناخشا-مارشلار ياڭراپ، ئاجايىپ قايناق ھايات مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان مەكتەپلەر ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا بىر قىسىم ئىزچىلار مەكتەپنى تاشلاپ چىقىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىش يولىنى تۇتقاندىن باشقا، قالغان ئىزچىلار داۋاملىق ئۆز ئورۇنلىرىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇپ، مائارىپ سېپىدە ئىشلەپ، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئەۋلادلارغا يېڭىچە مائارىپ ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يورۇق تاڭغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. ئەكسىيەتچىلەر قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلمىدى، بەلكى يېڭىچە مەكتەپنىڭ تەسىرى ۋە شۆھرىتى پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ھەر قانداق بېسىم ۋە توسالغۇلارغا بويۇن ئەگمەيدىغان تارىخىي ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىزچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقنىڭ ئىلغار ۋەكىلى، ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىملىك، تۆھپىكار زىيالىيلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە خىزمەت قىلىپ،





جۇڭگونىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىلىرىنى قوشۇشتى. بىر قىسىم ئىزچىلار ئوخشىمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ۋە تەشكىلنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. بىراق، 50- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قاتارلىق چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل ھەرىكەتلەردە بىر قىسىم ئىزچىلار «تارىخىي مەسىلىسى بار» دېگەن بەدنام بىلەن ناھەق قارىلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. تۈرمىلەرگە تاشلاندى، دەھشەتلىك قىيىن-قىستاقلارغا دۇچار بولدى. ئۇلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان مول ھوسۇللۇق، پىشقان دەۋرى ئېچىنىشلىق كۈنلەرگە قېلىش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، بالايى-ئاپەتلىك شۇ يىللاردا ئېغىر دەرىجىدىكى ناھەقچىلىك ۋە ئۇۋالچىلىقلارغا ئۇچراپ، تاياق-توقماقلارنىڭ زەربىسى ئاستىدا تالاي ئارمانلىرى بىلەن كۆزى ئوچۇق ھالەتتە بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇلارغا ئارتىلغان ھەر خىل تۆھمەت-بەدناملار ئىنكار قىلىنىپ، كەيدۈرۈلگەن قالپاقلار ئېلىپ تاشلاندى، ئۇلارنىڭ نامى ۋە خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە مۇناسىپ ئورۇنلارغا تەڭشەلدى.

ئىزچىلار — ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن تۆھپىكار مائارىپچىلار. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ كېيىنكى دەۋر تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالغان مائارىپ تەرغىباتچىلىرى. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە دۇنيادىن، يېڭىلىقتىن ۋە تەرەققىياتتىن خەۋەرسىز ھالەتتە ياشاۋاتقان خەلقنى مەرىپەتنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئويغىتىپ، ئۇلارنى پەن-مائارىپ يولىغا باشلاپ كىرگەن مەنىۋى يېتەكچىلەر. ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ كىشىلەر. ئىزچىلار مىللەتنىڭ زور بايلىقى، مائارىپ پىشىۋالىرى، مىللەتنىڭ پەن-مائارىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ روھىنى پاكلاش يولىدا ئىزدەنگۈچى، كۈرەش قىلغۇچى ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچى تارىخىي شەخسلەر سۈپىتىدە كۆڭۈل تۆرىمىزدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

ئۇلار تارىخنىڭ، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ مۇقەددەس سەھىپىسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئېلىشقا تامامەن ھەقلىق. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زامانداشلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۆزلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بىر - بىرلەپ دۇنيادىن كېتىشى بىلەن، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىزچىلارنىڭ نامىنى ھەر ۋاقىت يادلاش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن ۋە قىسمەتلەرگە تولغان ھايات مۇساپىلىرىنى سۈرەتلەپ، بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى بەختىيار ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش، ئۇلاردىن ئىپتىخارلاندۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي بۇرچىمىز.

كەڭ كىتابخانلار ۋە جامائەتچىلىكنى ئىزچىلار





توغرىسىدا ئۇچۇرغا ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە، تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىزدىنىش ئارقىلىق 54 نەپەر ئىزچىنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ،ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان « ئىزچىلار » نامىدىكى بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم ھەمدە ئۇنى ئۇلۇغ مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىق خاتىرىسىگە سوۋغا سۈپىتىدە سۇندۇم. مېنىڭ بۇ ئەمگىكىم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۈيۈك مائارىپچىلىق ھاياتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ يورۇتۇشتا ئاز- تولا تولۇقلاش رولىنى ئوينىسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەۋلادلارنىڭ ئۇيغۇر پەننىي مائارىپى توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقىرىشىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىياللار ئىچىدە بىر تارام ماتېرىيال بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دېگەن ئۈمىدتىمەن.



ئابدۇراخمان شائىر
(1938 _ 1912)

# ئابدۇراخمان شائىر

*سىز «ئىزچىلار» نامىدىكى كىتابقا كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن مۇنەۋۋەر ئىزچى ئابدۇراخمان شائىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى سورىغانىكەنسىز. مەن مەرھۇمنىڭ قىزى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىنتايىن پەخىرلەنگەن ھالدا، دادام ئابدۇراخمان شائىرنىڭ ( قىسقا ۋە ئەھمىيەتلىك ) ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە قەلەم ئالدىم. مەرھۇمنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان كىتاب - ژۇرناللاردىن ئازغىنە تامچە ئېلىپ ئۇشبۇ يازمىنى تەييارلىدىم. ۋاقىت قىس، قەلەم كۈچۈم چەكلىك بولغاچقا ئازغىنە يازمامنى سىزگە ئەۋەتتىم.*

*ئۇلۇغ ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. دادام نامىدىن سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن!*

شائىرنىڭ قىزى: مەريەم ئابدۇراخمان

2010 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى. ئۈرۈمچى

ئابدۇراخمان چوڭخۇن ئوغلى 1912 - يىلى ئاتۇشنىڭ يۇقىرى ئىشتارچى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇراخماننىڭ دادىسى چوڭخۇن دېگەن كىشى ئۆز زامانىسىدا تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەپ جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەملەردىن قىلىپ

چىقىشتا ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ھەر تەرەپتىن ئىزدەنگەن. چوڭاخۇن ئەينى يىللاردا قوشۇمچە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلىرىگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بېرىپ، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغان. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باللىرىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ ئۇلارنىڭساۋاتىنى چىقارغان. تۆت ئوغلى ئىچىدە ئابدۇراخمان بىرقەدەر زېرەك بالا بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان. چوڭاخۇن 1928 - يىلى قاراشەھەرگە چىقىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان قاراشەھەرنىڭ ئەينى زاماندىكى ئاتاقلىق ئالىمى ئابدۇكېرىم داموللامنىڭ قولىدا بىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەبچە - پارسچە تىل يېزىقلارنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئەلىشىر نەۋايى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىري ئەسەرلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقان.

1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئابدۇراخمان شائىر ئاتۇش بىلەن قاراشەھەر ئارىلىقىدا قاتناپ سودا قىلىدىغان سودىگەر ۋە باشقا كىشىلەردىن ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنى يولغا قويۇش، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندى بىلەن





مۇناسىۋەت باغلاپ، شۇ يىلى 8 - ئايدا ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئوقۇش داۋامىدا ئوت يۈرەك ئۇستاز بىلەن ئىقتىدارلىق، جىگەرلىك ئابدۇراخمان ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت شەكىللەنگەن. 1935 - يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەن ئابدۇراخمان شائىرنى ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتىدىكى يېڭى قۇرۇلغان ئىپتىدائىي مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان.

ئابدۇراخمان شائىر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان يارامىلىق شاگىرتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى ئابدۇراخمان شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ھاياتىنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشى مەمتىلى ئەپەندىنى تولۇق قايىل قىلالايتتى. شۇڭا مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى مەيلى ئاتۇش ياكى قەشقەردە بولىدىغان زىيالىيلار ئارا سۆھبەتلەردە بولسۇن، ياكى يۇرت چوڭلىرى بىلەن بولىدىغان مائارىپ، ئاقارتىش، مەكتەپ قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدىكى يىغىنلارغا بولسۇن ئىزچىل تۈردە بىللە قاتناشتۇرۇپ كەلگەن. بۇنداق چاغدا ئابدۇراخمان شائىرمۇ تەمكىنلىك بىلەن ئىلغار پىكىر ۋە ئۈنۈملۈك تەكلىپلەرنى بېرىپ، ئۇستازى ۋە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغاندىن

كېيىن، ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلىگەن مۇئەللىملەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن ئۆسمۈر بالىلارنى مەكتەپ قوينىغا جەلپ قىلىش، كەنتتىكى ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىش، كەڭ دېھقانلار ۋە كەنتلەردىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇئەللىملەرنى دادىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىشتىن سىرتقى ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى تەشكىللەش قاتارلىق ئەمەلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە ئېرىشكەن ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەجىرگە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان.

1935- يىلى يازدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپچى مەمتىمىن سوپىزادىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئابدۇراخمان شائىر ئون نەچچە ياش ئوقۇتقۇچىنى باشلاپ، ئاتۇشتا باشلانغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ۋە تەسىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئاقسۇغا بېرىپ كەڭ كۆلەمدە مائارىپ تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرغان. ئاقسۇ جامائەتچىلىكىنىڭ قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا- ئارقىدىن بارلىققا كېلىشىدە زور رول ئوينىغان.

ئابدۇراخمان شائىر بىر مۇنەۋۋەر مائارىپچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېتىلگەن، ھازىر جاۋاب، ئۆتكۈر





پىكىرلىك شائىر. ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ قىسقا، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن چەكلىك ھاياتىدا مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان مائارىپچىلىق ھەرىكىتىگە باشتىن- ئاخىر بوشاشماي قاتنىشىش بىلەن بىرگە، يالقۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن ئۇستازى قوزغىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە يېڭىچە مەكتەپلەردىكى قايناق ھاياتنى كۈيلەپ مەدھىيىلىگەن بولسا، جەڭگىۋار مەزمۇنلارغا تويۇنغان شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقىنى كۈيلەپ، زۇلۇم- زالالەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن.

1935- يىلى كۈزدە مەجىدىن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى قەشقەر ئىزچىلىرى ئاستىن ئاتۇشقا زىيارەتكە كەلگەندە، مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنى مېيى مەكتەپكە ئېلىپ بارغان. ئابدۇراخمان شائىر ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچى ۋە دېھقان ياشلىرىنى تەشكىللەپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان ۋە مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ دېكلاماتسىيە قىلغان:

مەرھابا مېھمانى ئىزچى مېھرىبانلار، مەرھابا،
خۇش كېلىپسىز يۇرتىمىزغا قەدىردانلار، مەرھابا.
خۇش پۇراق چاچتى پورەكلەپ يېڭى مەكتەپ گۈللىرى،
يايرىسۇن خۇش ھىد بىلەن بۇ يەردە جانلار، مەرھابا.
بىر نىيەتتە قول تۇتۇپ، ئەيلەش ئۇچۇن يۇرتنى چىمەن،
ئورنىمىزدىن دەس تۇرايلى جانىجانلار، مەرھابا.

ئابدۇراخمان يازدى نەزمە ئىزچى دوستلار شەنىگە،
بىلدۇرۇپ ئىززەتۇ ھۆرمەت ـ ئېھتىراملار مەرھابا.

ئابدۇراخمان شائىرنىڭ ھاياجانلىق ئىچىدە قىلغان دېكلاماتسىيەسىدىن تەسىرلەنگەن قەشقەر ئىزچىلىرى يېنىشلاپ مىننەتدارلىق بىلدۇرگەن.

1936 ـ يىلى ئابدۇراخمان شائىر ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىللە ئاتۇش ئىزچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قەشقەرگە كىرگەن. بايرام پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قەشقەر گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت شىجاڭ) مەخسۇس زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مەمتىلى ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى ئاتۇش ئىزچىلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. زىياپەتتە مەھمۇت مۇھىتى سۆز قىلىپ، ئاتۇشتىكى يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوينىغان رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەمتىلى ئەپەندىمۇ سۆز قىلىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاتۇشنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشتا ناھايىتى زور ئەمەلىي ياردەم قىلغانلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقان. ئارقىدىن ئۇستازىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئابدۇراخمان شائىر مۇراسىم مەيدانىنىڭ سۇپىسىغا چىقىپ، يېڭى مائارىپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغان مۇئاۋىن باش قوماندان مەھمۇت مۇھىتى مەدھىيىلەنگەن تۆۋەندىكى





شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن:

سانا[1] خالىقتا بولسۇنكى ئەدەمدىن[2] ئەيلىدى مەۋجۇت،
بەنى ئادەم ياراتىپ ھەم شېپى قىلدى ئانى مەھمۇد[3]،
تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان خۇدا دەرگاھىدىن مەردۇد[4]،
بىرسى ئۆزگە ئەردى مۇھەممەت مۇستاپا مەقسۇت[5]،
مۇھەممەت ئۇممەتىدىن چىقتى تۇرپاندىن ئۇ شۇل مەھمۇت.

نەچچە يىلدىن بېرى زۇلمەتتە ئەردى ھەم بولۇپ ۋەيران،
بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلماقتا تۇمەنمىڭ جان بېرىپ قۇربان،
يېتىپ خارلىق ، جاھالەت زەنجىرىدە ھەم بولۇپ سەرسان،
تاپالماستىن شىپا دەرتكە بۇ مىللەت بولدى كۆپ ۋەيران،
چىقىپ ئەل بەختىگە شۇدەم پاناھ بولدى بۇگۈن مەھمۇت.

ئايا ئەي، شاھى ئادىل جۇملىمىز[6]نى ئەل ئامان قىلدىڭ ،
مائارىپ ـ مەكتىپىنى تەربىيە ئەيلەپ راۋان قىلدىڭ ،
بۇ مىللەت يولىدا دەريايى نىلدەك قان راۋان قىلدىڭ،
نەتىجىسىگە بۇ قانىنىڭ ئىلمۇ ھېكمەتنى ئايان قىلدىڭ،
ئېچىپ قويدۇڭ بۇگۈن دارىلفۇنۇندىن بىزگە يول مەھمۇت.

سېنىڭ ۋەسپىڭنى ئېيتتى بۇ كىشى بۇلبۇل سۇخەنداندۇر،
ئاتاسىدۇر چوڭخۇن، شائىر ئىسمى ئابدۇراخماندۇر،
قەسەمكى بۇ مائارىپ يولىدا گوياكى پەرۋانىدۇر،

---

[1] سانا ــ ھەمدۇسانا، مەدھىيە
[2] ئەدەم ــ يوقلۇق
[3] مەھمۇد ــ ماختاش، مەدھىيەلەش
[4] مەردۇد ــ قوغلانغان
[5] مەقسۇت ــ كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن، ئارزۇ قىلغان
[6] جۇملىمىز ــ بارچىمىز، ھەممىمىز

سىپاتىڭنى قىلىپ تەرىپ ئۇ شول نەزمىنى يازغاندۇر،
ئۇمىددۇركى ھۇزۇرۇڭدا قوبۇل بولغاي سۆزۈم مەھمۇت.

ياش تالانت ئىگىسىنىڭ جاراڭلىق ئاۋاز، چوڭقۇر ھېسسىيات، تەسىرلىك ناخشا كەبى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇغان شېئىرىي مىسرالىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىپ، كۆزلىرىدىن مەمنۇنىيەت ياشلىرىنى سىرغىتىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ياش شائىرغا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «ساڭا تەشەككۇر شائىر ئوغلۇم، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، ھىممىتىڭگە، غەيرىتىڭگە ۋە پاساھەتلىك سۆزلىرىڭگە بارىكاللا، مەن بۇ قەدەر مەدھىيەلەشكە لايىق ئەمەس. ئەمما، سېنىڭ بۇ شېئىرىڭ بىلەن روھىمغا روھ قوشۇلدى، ناھايىتى ھاياجانلاندىم» دەيدۇ ۋە ئۇنى تەربىيەلىگەن مەمتىلى ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ يېڭى مائارىپنى قوللاش ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ «شائىر» دېگەن بۇ مۇبارەك نام ئابدۇراخماننىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ نام شەرىپى بولۇپ قالىدۇ.

1937- يىلى 4- ئايدا مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنىپ جاللات شېڭ شىسەينىڭ قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىگە قامالغاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان شائىر ئاتۇش يېڭى





مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىغا بەلگىلەنگەن. ئۇستازىنىڭ باسقان ئىزىنى بويلاپ مەكتەپ ئىشلىرىغا جان كۆيەرلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلغان. شائىر كۆيۈملۈك ئۇستازىنىڭ رەزىل كۈچلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانلىقىدىن يۈرىكى زەرداپ بولۇپ، ھەسرەتكە تولغان مۇنۇ مىسرالارنى يازغان:

مەرىپەتنىڭ ئاشىقى ئول پاسىبان كەتتى قايان؟
شان-شەرەپنىڭ ساھىبى ئول جانىجان كەتتى قايان؟
بىلمىدىم ھالى نىچۇك، قىسمەت ئۇنى قىلدى نىمە؟
يوق ئۇچۇر ئۇندىن پەقەت، ئول مېھرىبان كەتتى قايان؟

قەھرىتان قىش، جۇت-بورانلار كار قىلالمايتتى ئاڭا،
تەڭدىشى يوق ئوت يۈرەك مەرد-قەھرىمان كەتتى قايان؟
مىللىتىمنىڭ دەردىگە دىلكەش بولۇپ ئىزلەپ شىپاھ،
خىسلىتى دىللاردا داستان نەۋقىران كەتتى قايان؟

قەددىدۇر مىسلى چىنار، كۆكلەپ تۇرار دىللارئارا،
نامى ئۆچمەس تاغ سۈپەت ئەر-پەھلىۋان كەتتى قايان؟
ئابدۇراخمان چۆكتى غەمگە، تەڭرىگە قىلدى نىدا،
ئەلنى دەپ كۈرمىڭ جاپا چەككەن شۇ جان كەتتى قايان؟


1937- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شېڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە زىيالىيلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە

يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىك ھەرىكەتتە ئوت يۈرەك ئىزچى ئابدۇراخمان شائىرمۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1938 ـ يىلى ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن ئاتەش قەلبلىك، ھازىر جاۋاب شائىر ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.









# ئابلىز قارىي مامۇت

ئابلىز قارىي مامۇت (ئابلىز قارىي تىڭجاك) 1912ـ يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنتى سېدىلىك مەھەللىسىدە مامۇت ئابدۇللا (مامۇت لوزۇڭ) ئىسىملىك سودا كارۋان بېشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابلىز قارىينىڭ دادىسى مامۇت لوزۇڭ شۇ يىللاردا يۇرتدىشى ۋە يېقىن بۇرادىرى ئىمىن ھاجىم قۇرغان قەشقەردىكى «ئىتتىپاق» شىركىتىدە سودا كارۋانلىرىغا باش بولۇپ قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدا سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقان، ئۆز دەۋرىگە يارىشا بايلاردىن سانىلاتتى. مامۇت لوزۇڭ سودا ئىشلىرى بىلەن ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى سىرتلاردا بولىدىغان كىشى بولغاچقا، ئابلىز قارىي ئانىسى ھاشىخان (ئاتۇش سۇنتاغ كەنتىدە ئۆتكەن تەسىرى چوڭ توختى ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ قىزى) نىڭ تەربىيەسىدە مەكتەپ يېشىغا يەتمەيلا ساۋادىنى چىقىرىپ، دىمەتلىكلىرى ئىچىدە بالا موللىغا ئايلانغان. ئابلىز قارىي 15 ياشقا كىرگەندە بوۋىسى توختى ھاجىم ئۇنى مەشھەدتىكى «سۇلتانىيە مەدرىسەسى»گە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ مەدرىسەدە تىرىشىپ ئوقۇپ، 1931ـ يىلى مۇكەممەل قارىي بولۇپ يېتىشىپ چىققان. 1934ـ يىلىغىچە ئانىسىغا ھەمكارلىشىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، ئابلىز قارىي ئىلغار ياشلار قاتارىدا تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بۇ كۇرسقا قاتناشقان. ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى تەلىم ـ تەربىيە جەريانى گەرچە ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ، لېكىن غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئابلىز قارىي ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئۆگىنىش پۇرسىتى ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى ۋە كىشىلىك پەزىلىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پۇختا ئىگىلەپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويۇشنىڭ دەسلەپكى كەسپىي ئاساسىنى يېتىلدۈرگەن. كۇرسنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئابلىز قارىينى تاشئاخۇنۇم قورۇسى يېنىغا سېلىنغان ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ يېڭى ھايات مۇساپىسىدە تەڭداشسىز قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە سىڭىپ كىرىپ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ رىئاللىققا ئايلانغان ۋە تېخى ئاشكارە ـ يوشۇرۇن توسقۇنلۇقلاردىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقان ئاتۇش يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ ۋاقىتتىكى تەسىرى بار





يۇرت چوڭلىرى ۋە بايلاردىن قۇربان شەيخ، ھەسەن چوڭ، ھاجى غوجى ۋە جىلان ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە بولغان تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە مەكتەپنىڭ سىنىپ سانىنى كۆپەيتىپ قۇرۇش (بۇ ۋاقىتتا كېچىكمىز تەۋەسىدىكى باللارمۇ ۋاقۋاق مەكتەپتە ئوقۇغان بولغاچقا سىنىپ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەن) قاتارلىق ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ھاياتىغا كېلىدىغان تۈرلۈك تەھدىتلەركە پىسەنت قىلماي باش بولۇپ ئىشلىگەن.

1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەمتىلى ئەپەندى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئابلىز قارىي ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ ئاتۇشتا شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى «ياشلار تەشكىلاتى» غا قاتنىشىپ، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاتلانغان. 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى شېڭ شىسەي زىيالىيلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە «ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى تۈركۈملەپ تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان خەتەرلىك ئەھۋالدا، ئۇ ئاتۇشتىن خوتەنگە كەتكەن. ئابلىز قارىي خوتەندە بىر تەرەپتىن دادىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ سودا كارۋانلىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلابىي تەشۋىقاتلارنى

توختاتمىغان. 1940 ـ يىلى ئابلىز قارىي ئۆزبېكىستاننىڭ مەرغىلان شەھىرىدىن كېلىپ خوتەندە ئەتلەس توقۇش كارخانىسى قۇرۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھەممەت بۇۋجان دېگەن كىشىنىڭ قىزى پەيزىنىساخان بىلەن توي قىلىپ بىر مەزگىل خوتەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1943 ـ يىلى خوتەندىكى باي سودىگەرلەر بىرلىشىپ قۇرغان «سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى» نىڭ باشلىقلىقىغا سايلىنىپ 1948 ـ يىلىغىچە بۇ ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ۋە قەشقەر خام بازىرىدىن ئۆي ئېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

ئابلىز قارىي 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، يېڭىدىن خىزمەتكە قاتنىشىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولۇپ يۆتكەلگەن. 1955 ـ يىلى، بېيجىڭگە بېرىپ بېيجىڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىدا بىر يىل ئوقۇپ، سىياسىي نەزەرىيە تەربىيەسى قوبۇل قىلغان. 1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدە مۇئاۋىن نازىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1958 ـ يىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە ئابلىز قارىي «ئوڭچى» دەپ تارتىپ چىقىلىپ، مۇئاۋىن نازىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، كۇچا ناھىيەلىك سودا ئىدارىسىگە ئاددىي كادىر قىلىپ ھەيدەلگەن. ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۈرۈمچىدىن كۇچاغا كۆچۈرۈلۈپ، كۇچا ناھىيە بازىرى ساقساق





مەھەللىسىگە ماكانلاشقان. 1959 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر قېتىملىق ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىپ، ئابلىز قارىي كۇچا ناھىيەلىك سودا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1964 ـ يىلى كۇچا ناھىيەلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا ئۇ قايتا تارتىپ چىقىلىپ خىزمەتتىن توختىتىلغان. قايتىدىن «ئوڭچى» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ كۇچا ناھىيەسىنىڭ دۆڭقوتان يېزىسىدىكى سودا ئىدارىسىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانىدا مال ـ چارۋا باققۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە باشقا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. 1977 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ كۇچا ناھىيەسىدە بىر قېتىملىق خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان پۇرسەتتە، ئابلىز قارىي ئامال قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتۇشقا قايتىپ كېتىش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن ئىلتىماسىنى سۇنغان. ۋاڭ ئېنماۋ ئىلتىماسنى كۆرۈپ تەستىقلاپ بەرگەن. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا ئابلىز قارىي ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ يۇرتى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. 1979 ـ يىلى «سول» چىل لۇشيەن خاتالىقى سەۋەبلىك زىيانكەشلىككە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بىگۇناھ كىشىلەر قاتارىدا ئابلىز قارىينىڭ نامى ئاقلىنىپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، كۇچا ناھىيەلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق دەرىجىسى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان. كېيىنكى ئۆمرىنى ئاتۇشتا

# ئابدۇغوپۇر ئىمىن

ئابدۇغوپۇر ئىمىن 1914 - يىلى ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتى ئۇزۇن كوچا مەھەللىسىدە ھۇسەيىن ساقى ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كېتىپ، دادىسى باشقا ئايالغا ئۆيلەنگەن. ئابدۇغوپۇرنى بوۋىسى ساقى ھاجى ئىمىن دېگەن كىشى بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ چوڭ بولغاندا ئۇلۇغ بوۋىسى ئىمىن دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان. ئابدۇغوپۇر 7 - 8 ياشلارغا كىرگەندە دادىسى ھۇسەيىن ساقى كېيىنكى ئايالى ۋە بالىلىرىنى ئېلىپ غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە بوۋىسى ساقى ھاجىم ئۇنى تۆركۈل ئازنا مەسچىتتىكى خانىقا مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا بەرگەن. 19 ياشقا كىرگەندە قارىيلىقتىن ئۆتكەن.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەركىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى تىزىملىغاندا، ئابدۇغوپۇر ئىمىن جەڭگىۋار ياشلار قاتارىدا ئوڭئېرىقتىكى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئالتە ئاي ئوقۇپ، 1935 - يىلى يانۋاردا ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەقسىماتى بويىچە ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنتىگە سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1937 - يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شېڭ شىسەينىڭ پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىش جىنايەتلىك ھەركىتى

باشلانغاندا، مەكتەپتىن ئايرىلىپ، ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا مۇز داۋان يولى ئارقىلىق غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ غۇلجىغا چىققاندىن كېيىن ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەخپىي تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، خەلقنى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ توختاۋسىز ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ 1939 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، 1942 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالغان. 1942 - يىلى 1 - ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. شۇ يىلى دادىسى ھۆسەيىن ساقى ئابدۇغوپۇرنى بورتالاغا قايتۇرۇپ كېلىپ، تويىنى قىلغاندىن كېيىن ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تويدىن كېيىن ئۇ يەنىلا غۇلجىغا قايتىپ كېتىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، دادىسىنى قايىل قىلغان ۋە ئايالى پاتىگۈل خانىمنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ بوينىكېسىك مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان.

1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭغا قارشى مىللىي ئىنقىلاب پارتلىغاندا ئابدۇغوپۇر ئىمىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، بۇيرۇق بويىچە بورتالا، ئارشاڭ تەرەپلەردىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنىدا ئالاقىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1945 - يىلى غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئابدۇغوپۇر





ئىمىننى ئىنقىلاب ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتتى دەپ قاراپ، «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى بېرىپ مۇكاپاتلىغان ۋە سۈيدۈڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. 1946 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئابدۇغوپۇر ئىمىننى توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ 1949 - يىلىغىچە توققۇزتارا ناھىيەسىدە ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردە زور ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇزۇن يىللار تاشلىنىپ قالغان «مانجۇ ئۆستىڭى» نى ياساپ، رېمونت قىلدۇرۇپ، نامىنى «ئۇيغۇر ئۆستىڭى» قىلىپ ئۆزگەرتكەن. 1949 - يىلى 12 - ئايدا ئۇ سۈيدۈڭ ناھىيەسىنىڭ ئىتتىپاق رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن.

1950 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىتتىپاق رەئىسلىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىلىپ، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى قۇرۇلغاندا، ئابدۇغوپۇر ئىمىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلانغان. 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا يۆتكەلگەن. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، بىر يىل خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن. 1955 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پىلان باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە ئابدۇغوپۇر ئىمىن تارتىپ چىقىرىلىپ، 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر يىل قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، 1959 - يىلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن



ئابدۇرېشىت هاجى
(2007 - 1912)



چۈشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، «ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، ئىدارىدە قالدۇرۇپ سىناش» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ، تاكى 1966 - يىلىغىچە ئىدارىدە سىناقتىكى ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا ئابدۇغوپۇر ئىمىن قايتا تارتىپ چىقىلىپ، «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ۋە يامالىقتا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان. ئائىلى ۋە بالىلىرى بورتالاغا ھەيدەلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ، ئون نەچچە يىل ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بۇ جەڭگىۋار، مەزمۇت ئىزچى قەددى مۈكچەيگەن بولسىمۇ، مەڭگۈ يىتمەس ئىزچى روھى بىلەن بورتالاغا قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولغان. 1981 - يىلى ئابدۇغوپۇر ئىمىننىڭ دېلوسى خاتا دېلو دەپ قايتا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىسى بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان. 1982 - يىلى ئائىلىسى بويىچە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. بىر ئۆمۈر بارلىقىنى خەلقىنىڭ ئاقارتىش ۋە ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان، ھاياتىنىڭ ئەڭ مول ھوسۇللۇق دەۋرى ئېچىنىشلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆتۈپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىش پۇرسىتىدىن ۋاقىتسىز مەھرۇم بولغان ئىزچى ئابدۇغوپۇر ئىمىن 1997 - يىلى 9 - ئايدا 83 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئابدۇرېشىت ھاجى

ئابدۇرېشىت ھاجى 1912-يىلى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتى دۆڭ مەھەللىسىدە ھاجى ھاجىم ئىسىملىك تەرەققىيپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئابدۇرېشىت ھاجى بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىنى ئائىلە تەربىيەسىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئون بەش ياشلارغا كىرگەندىن باشلاپ 1930-يىللارغىچە ۋاقۋاقتا تونۇلغان دىنىي زات موللا مۇھەممەت خەلپىتىمدىن دىنىي تەلىم ئېلىپ، دەسلەپكى دىنىي بىلىم ئاساسىنى ياراتقان. 1930-يىللاردىن باشلاپ دادىسى ھاجى ھاجىمغا ئەگىشىپ سودا-تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ھاجى ھاجىم ئەينى يىللاردا ئاتۇشتىن ئاقسۇ، ئاۋات، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارغا يۇڭ، تېرە تىجارىتى بىلەن بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى سودىگەر كىشى بولۇپ، ئوغلى ئابدۇرېشىتنى ئۆزىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۇرت كۆرۈپ، جاھالەت ئىسكەنجىسىدە نادان ۋە قالاق ھالەتتە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىش، ئىدىيەسىنى ئويغىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، 1930-يىلى ئاقسۇغا ئېلىپ كەتكەن ھەمدە ئۇنى ئاقسۇدا تۇرىدىغان سودا شېرىكى ئابدۇۋارىس ھاجىمنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاتۇش-ئاقسۇ ئارىلىقىدا بېرىپ-

كېلىپ تۇرغان. ئابدۇرېشىت ھاجى 1933-يىلىغىچە ئاقسۇدا تۇرۇپ ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەقىل قاتقان ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا پىشقان. 1933-يىلى خوجا نىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىي قوشۇنى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، ئاقسۇدا گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەن جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، ئابدۇۋارىس ھاجىم ئابدۇرېشىتنى كېچىلەپ ئاتۇشقا يولغا سېلىۋەتكەن. ئابدۇرېشىت ھاجى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، ئابدۇرېشىت ھاجى ئىلغار ياشلار قاتارىدا كۇرسقا قاتناشقان. 1935-يىلى يانۋاردا كۇرس تاماملانغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەقسىماتى بويىچە ئوڭئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەيىنلەنگەن. 1937-يىلى ياز پەسلىگىچە بۇ مەكتەپتە ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ داغدام يولىنى ئىچىشقا بارلىقىنى ئاتاپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىگەن. 1937-يىلى مايدا ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى





قولغا ئېلىنىپ، شېڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت ھاجى كېلىۋاتقان خەۋپتىن ۋاقتىنچە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، پۇرسەت تېپىپ مىللەتنىڭ زۇلمەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش، تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش مەقسىتىدە ئاتۇشتىن غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. ئاز ۋاقىت غۇلجىدا تۇرۇپ 1938-يىلى چۆچەككە كەتكەن.

ئابدۇرېشىت ھاجى چۆچەككە بارغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى ۋە مۇھەممەت قارىي قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن دەسلەپتە باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن «گىمنازىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1939-يىلىدىن باشلاپ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەتتە سەنئەتتىن خەۋىرى بارلارنى تەشكىللەپ قۇرۇپ چىققان سانايى نەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) گە قاتنىشىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە شېڭ شىسەيگە قارشى ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سەھنە ئەسەرلىرىدە روللارنى ئېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدىيەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان. 1943-يىلى شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ قارا نىيىتى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىپ، ئىلغار زىيالىيلارغا قارىتا

يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك زەھەرلىك قولىنى سىلىشقا باشلىغاندا، قىيىنچىلىق ئاستىدا ھەر خىل ئامىللارنى قىلىپ چۆچەكتىن غۇلجىغا كەلگەن. غۇلجىدا قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن شۇ يىللاردا غۇلجىدا قۇرۇلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» غا قاتناشقان. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ، 1944 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا بىرقانچە قېتىملىق جىددىي ئۇرۇشلارنى باشتىن كۆچۈرۈپ، غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيەسى پىلان بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا قوراللىق ھەرىكەت قوزغاپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش چاقىرىقى بويىچە سوپاخۇن پولكوۋنىك يېتەكچىلىكىدىكى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى قاتارىدا ئابدۇرېشىت ھاجىمۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاقسۇنى گومىنداڭنىڭ قانلىق تاپىنى ئاستىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش كۈرىشىگە قاتناشقان. 1945 - يىلى 10 - ئايدا مىللىي ئارمىيە بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇدىن غۇلجىغا قايتقاندا ئۇ قىسىم بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتقان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ تەۋەررۈك شاھىدى، باھادىر جەڭچى ئەخمەت قاسىم (چاپايېف) بوۋاينىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە (چاپايېف بوۋاي 2008 - يىلى غۇلجىدىن يۈرتى ئاتۇشنىڭ ئازاق





كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ، 2010 - يىلى 6 - ئايدا ئاتۇشتا 93 يېشىدا ۋاپات بولدى)، شىنجاڭدا گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، مىللىي ئارمىيەدىن بەش پولك ئەسكەر قىسقارتىلغان. قىسقارتىلغان ئەسكەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە تۆھپىسى بار ئەسكەرلەرنى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى ئىچىدە باشقا خىزمەتلەرگە تەڭشەپ ئىشلەتكەن. بۇ قېتىمقى تەڭشەشتە ئابدۇرېشىت ھاجى موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىغا باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن. تاكى 1950 - يىلىغا قەدەر موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

1950 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە ئابدۇرېشىت ھاجى ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. 1953 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك يەرلىكماللار شىركىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 1959 - يىلىغىچە بۇ ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1959 - يىلى شەخسلەر بىرلىشىپ پاي قوشۇش شەكلى بىلەن قۇرۇلغان ناھىيەلىك تەمىنات سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1966 - يىلىغىچە سودا سارىيىنىڭ باشقۇرۇش ۋە تىجارەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. «مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى» باشلانغاندا، ئابدۇربىشىت ھاجى «خىيانەتچى ئۇنسۇر» دېگەن بەتنام بىلەن تارتىپ چىقىلىپ، قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، ئون يىل كۈرەش قىلىنغان ۋە ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. پۈتكۈل مال- مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئائىلىسى ئېغىر خانىۋەيرانچىلىقتا قالغان. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلكى باھاسى بويىچە قايتۇرۇپ بېرىلگەن. 1984-يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1990-يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، قوشۇمچە موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ خاتىپلىقىنى ئۆتىگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى، خەلق ئاممىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. جامائەت سورۇنلىرىدا كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان پەندى- نەسىھەتلىرى بىلەن ئەل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەلگەن قەھرىمان ئىزچى ئابدۇربىشىت ھاجى 2007- يىلى 2-ئايدا 95 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.





# ئابدۇغوپۇر قۇناجى

ئابدۇغوپۇر قۇناجى 1914- يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتى ئاق مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر قۇربان ھاجىم (خەلق ئارىسىدىكى ئاتىلىشى قۇناجىم) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925- يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولۇپ،1925-يىلىدىن 1930- يىلىغىچە تىجەندىكى مەدرىسەدە ئوقۇپ دىنىي تەلىم ئالغان.

ئابدۇغوپۇرنىڭ دادىسى قۇناجىم ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، يۇرتداشلىرى ئەمەت ھاجىم ۋە سەمەر بايلار بىلەن بىرلىكتە سودا- تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ، ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ۋە ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. چەت ئەللەردىكى يېڭىلىقلار ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئانا ۋەتىنىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. 20-ئەسىرنىڭ 10-يىللىرىدا مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە پەننىي مەكتەپ ئاچقاندا، بۇنىڭدىن

ئىلھاملانغان قۇناجىم 1914 ـ يىلى يۇرتى ئاستىن ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدە «ئاق مەيدان مەكتىپى» نامىدىكى مەكتەپنى سالدۇرۇپ، ئەتراپتىكى كەنتلەردىن ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ ئوقۇتۇشقا ئاساس سېلىپ بەرگەن. مانا مۇشۇنداق ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ئائىلىۋى مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئابدۇغوپۇر كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ، ھالىغا يېتىدىغان ئوغۇل بولۇپ يېتىلگەن.

1934 ـ يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، ئابدۇغوپۇر قۇناجى تۇنجى بولۇپ بۇ ئوقۇشقا تىزىملاتقان. دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 17 كەنتتە بىرلا ۋاقىتتا مەكتەپ سېلىش پىلانىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان. ئابدۇغوپۇر كۇرسقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلەكدىشى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر يېقىن تۇرغان. كۇرس ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئابدۇغوپۇر قۇناجىنى بۇيامەت كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتا قەدەم قويغاندىن كېيىن پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بارلىقىنى بالىلارغا بېغىشلاپ، يېڭى ئىدىيە ۋە





نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتلۇق قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. 1935 ـ يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى بۇيامەت كەنتىدە «ئەلەمدارلار سىنىپى» (پىدائىيلار سىنىپى) تەسىس قىلىپ، 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەشتە، بۇ ۋەزىپىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئابدۇغوپۇر قۇناجىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىغا تاپشۇرغان. ئۇ بۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپە ئالدىدا قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە مىللەتنىڭ خار ـ زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن.

1937 ـ يىلى مايدا ئوت يۈرەك سەركەردە مەمتىلى ئەپەندى شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەندە، ئابدۇغوپۇر قۇناجى ساۋاقدىشى ئابدۇراخمان شائىر ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە ئۇستازىنىڭ كۆيۈپ چۈچۈلگە ئايلانغان مۇبارەك جەسىتىنى ئېلىپ، يۈرەك باغرى پارە ـ پارە بولغان ھالدا ئۈن ـ تىنسىز ياش تۆكۈپ، ئاتۇشقا ئېلىپ چىقىپ، بۇيامەت كەنتىگە دەپنە قىلىشقا قاتناشقان. 1937 ـ يىلى كۈزدە، جاللات شېڭ شىسەي پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا ئىلغار زىيالىيلارغا زەھەرلىك قولىنى سۇنۇپ، رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغاندا، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ

ھەرىكىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان پىداكار ئىزچى ئابدۇغوپۇر قۇناجى شىڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ بۇ چاغدا ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن نەۋقىران يىگىت ئىدى.







ئابدۇراخمان يۈسۈپ
(1984 ـ 1913)

# ئابدۇراخمان يۇسۇپ

2007-يىلى دېكابىر ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدە بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىگە قاتنىشىپ قالدىم. ھاۋا سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەھەللىنىڭ بىر قانچە يېرىگە ئوتۇن دۆۋىلىنىپ، جامائەتنىڭ ئىسسىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئوت يېقىلغان ئىدى. ھازىدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىپ، يول بويىدىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر گۈلخان يېنىغا كېلىپ، چۆرىدىشىپ تۇرۇپ ئوت سىنىۋاتقان بىر توپ كىشى ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ ئىسسىنىشقا باشلىدىم. تۇرغانلار ئارىسىدا بۈگۈن ۋاپات بولغان بۇ مائارىپچى ھەققىدە ۋە باشقا تېمىلاردا پاراڭلار بولۇپ تۇردى. ئارىلىقتا 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىككى كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويۇپ قىلىشقان مۇنداق پارىڭى مېنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويدى. ئېگىز بويلۇق كەلگەن، ئۆزى يادىڭغۇ، ئىككى مەڭزىنىڭ سۆڭىكى چىقىپ تۇرىدىغان بىرى يېنىدىكى گەپ-سۆزىدىن ئالىجوقىلىقى ۋە ساۋاتسىزلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدىغان بىرىگە: «ئاداش، ئېسىڭدە بارمۇ، بىز كىچىك ۋاقىتلاردا بىزنىڭ تىجەندە نېمە ئايروپىلان دەيتتۇق؟ ھە... راخمان ئايروپىلان دەيدىغان بىر ساراڭ بارتى، ئاجايىپ ساراڭتى جۇما ئۇ، بوينىغا بىر تاختىنى ئېسىۋېلىپ مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىچىك بالىلارنى تۇتۇۋېلىپ ئىسمىنى يازدۇرۇپ

باقاتتى. يازالمىغانلارغا بىردىن قېرىنداش ياكى دەپتەر مۇكاپات بېرەتتى، يازالمىغانلارنى ھەرگىز ئۇرمايتتى. مەھەللىدىكى چوڭ-چوڭ ئادەملەرنىمۇ تۆت-بەشتىن ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، بىر نېمىلەرنى ئۆگىتىمەن، دەپ بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى ... بىز ئۇ ئادەمنى كۆرسەكلا قورقۇپ قېچىپ كېتەتتۇق... »، «ھوي، ئۇ ئادەم ئۇنداق ساراڭدەك بولغان بىلەن بۇرۇن ئەپەندى بوپتىكەنمىش...» دەپ گەپ قىستۇردى يەنە بىرى. قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەي قارىشىپ تۇرغان ئادەملەرگە ۋە بايىقىلارنىڭ گەپ قىلغان ۋاقتىدىكى ھالىتىگە قاراپ، ئۆپكەم ئېسىلىپ، بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتىم. تولىمۇ بىپەرۋالىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قىلىنغان بۇ گەپلەردىن ھەم كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ھەم قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. ئىسمىنى يازالىغان باللارنى مۇكاپاتلاپ، يازالمىغان باللارنى ھەرگىز ئۇرمايدىغان بۇ ياۋاش «ساراڭ» نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا شۇنداق بىر بىلدۈرۈپ قويغۇم كەپ كەتتى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا قىلىدىغانغا گەپ تاپالمىغاندەك، باشقىلارغا «ساراڭ» دەپ گېپىنى قىلىپ بېرىۋاتقان بۇ كىشى 1930- يىللاردىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدىكى يارقىن نامايەندىلەرنىڭ بىرى، شانلىق ئىزچى ئابدۇراخمان يۈسۈپ (ئابدۇراخمان ئايروپىلان) ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەندە خېلىدىن بېرى ئىزچىلار توغرىسىدا جەمئىيەتچىلىككە ئۇچۇر بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتقان ئامىللارغا بۈگۈنكى بۇ تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغان «پاراڭ» قوشۇلۇپ ماڭا زادىلا





ئارامچىلىق بەرمىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىزچىلارنى ئوبدان بىلىدىغان، ئۇلارنى چۈشىنىدىغان پېشقەدەملەرنىڭ ئارقا- ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ جەڭگىۋار ئىزچىلارنى ئويلاپ قاتتىق چۆچۈدۈم. ئەمدى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئابدۇراخمان ئايروپىلان ھەققىدە بولۇنغان بۈگۈنكى بۇ «گەپ» لەر ، تەخىرسىزلىك ئىچىدە ئىزچىلارنى ئىزدەشكە باشلىشىمغا قارىتا بىۋاسىتە ئوت تۇتاشتۇرغۇچى پىلتە بولدى.

ئابدۇراخمان يۈسۈپ 1913- يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتى مەدرىس ئالدى مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1925- يىلىدىن باشلاپ تىجەنلىك تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات موللا ئەزىز داموللادىن دىنىي تەلىم ئالغان. ئابدۇراخماننىڭ بىر قورساق ئاچىسى خەلىچىخان خانىم ئوقۇمۇشلۇق، چېۋەر ئايال بولۇپ، ئابدۇراخماننى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق بىلىم ئېلىش يۈرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1928- يىلى ئۇنى قەشقەر خانلىق مەدرىسەگە ئوقۇشقا بەرگەن. ئابدۇراخمان 1930- يىلىغىچە ئىككى يىل خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇپ خېلى كۆپ بىلىم ئىگىلىگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن خانلىق مەدرىسەدىكى ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاتۇشقا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، 1934- يىلىغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئائىلە ئىشلىرىغا

ھەمكارلاشقاچ يەنە ئاچىسى خەلىچىخان خانىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان بىر قىسىم كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىلغار ئاڭغا ئىگە ياش بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

1934 ـ يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا جەڭگىۋار ياشلاردىن ئوقۇغۇچى تاللىغاندا ئابدۇراخمان يۇسۇپ بۇ كۇرسنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ئوقۇغان. ئۇ شۇ دەۋرلەردە ئىنتايىن چەبدەس، ئايىغى چاققان، ئىشقا ئىپىي بار ياش بولۇپ، كۇرستا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە مەمتىلى ئەپەندى ھەر قانداق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرسا ۋە ھەر قانداق يەرگە بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى ھايال ئۆتمەي دەل ۋاقتىدا، تولۇق ئورۇنداپ ئۇستازى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ يارامىلىق ئىزچىسىنىڭ چاققانلىقىغا ھەۋەسلىنىپ، ئۇنىڭغا ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا «ئايروپىلان» دېگەن زامانىۋى ئۇقۇمنى تەخەللۇس قىلىپ قويۇپ قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ تەخەللۇس ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىغا ئايلىنىپ، ئابدۇراخمان ئايروپىلان دېگەن نام بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىغان. مۇئەللىملەر كۇرسىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىگە سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان.





ئابدۇراخمان يۇسۇپ 1935 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن ئۆچمەس ئەجىر سىڭدۈرگەن كىشى. 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان بۇيامەت مەكتەپنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى باشقا كەنتلەردىكى مەكتەپلەرگە بېرىپ، بىر كۈندە پىيادە يول يۈرۈپ بىر قانچە مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شۇ قەدەر چاققان، چەبدەسلىك بىلەن كەنتلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ دەرس ئۆتۈشتەك پېداكارانە روھىنى كۆرگەن كىشىلەر، ئۇستازى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنغان «ئايروپىلان» دېگەن تەخەللۇسنىڭ ئابدۇراخماننىڭ جىسمىغا تولىمۇ ماس كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈشكەن، چۈنكى بۇ مەزگىلدە مەمتىلى ئەپەندى ۋە بىر قىسىم ئىزچىلارنىڭ شىڭ شىسەي تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى، يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەھشەتلىك تۇتقۇندىن ئۆزىنى ۋاقىتلىق چەتكە ئېلىشى سەۋەبلىك، مەكتەپلەردە ئېغىر دەرىجىدە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەن.

ئۇ 1941 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر تازغۇن مەكتەپتە ئىشلىگەن. ئىككى يىل ئىچىدە ئائىلىسىگە پەقەت ئۈچ قېتىملا كېلىپ، قالغان ۋاقتىنى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھەر ۋاقىت ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە

تۇرغان. 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ ئابدۇراخمان يۈسۈپنىڭ بارلىقىنى مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، بېرىلىپ ئىشلەۋاتقان روھىدىن ئەنسىرىگەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى مەجبۇرى خىزمەتتىن توختاتقان. ئابدۇراخمان يۈسۈپ ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ 1947 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ يىلى يازدا غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. بۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق بىتىم» گە گومىنداڭ تەرەپنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تارقىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئابدۇراخمان يۈسۈپ بىر يىل غۇلجىدا تۇرۇپ گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن دۆربىلجىن ناھىيەسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇغقىنى ھېمىدىخان دېگەن ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆربىلجىن ۋە شىخولاردا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان. 1955 ـ يىلى قاراماي نېفىتلىكىگە ئىشچى قوبۇل قىلىش باشلانغاندا، ئۇ ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ 1960 ـ يىلىغىچە ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى، پاراسەتلىكلىكى، خۇشپېئىل، چىقىشقاق پەزىلىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان بۇ مۇنەۋۋەر ئىزچى 1960 ـ يىلى قاراماي شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، قاراماي خەلقىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. بارلىقىنى





مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتىۋەتكەن ئابدۇراخمان يۈسۈپ، يەنە مائارىپ سېپىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بۇ گۈزەل نېفىت شەھىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىپ يىل ئاخىرىدا يۇرتى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇراخمان يۈسۈپ ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنىلا ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇ 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى ياساتتىپ، ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ، مەھەللىدىكى 5 ـ 6 ياشلىق بالىلاردىن 30 ـ 40 تەك بالىنى يىغىپ تىجەن كەنتىدە بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئاجرىتىپ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىن ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئاچقان. بوش ۋاقىتلىرىدا قولىغا بىر كىچىك دوسكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەھەللىلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ، بالىلارغا ۋە يېڭى يېزىقتا ساۋات چىقىرىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقنى بىلمەيدىغان زامانىۋى دەۋردىكى ساۋاتسىزلارغا ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى ئۆگىتىپ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە باشلامچىلىق رول ئوينىغان ۋە جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. چۈنكى دەۋر ئىسترېلكىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنى كۆرسىتىپ، يەر شارىنىڭ ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۆلىكىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى دېگۈدەك زامانىۋىلىشىشقا، تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن



ئابدۇراخمان شاۋاز
(1997 ـ 1912)



دەۋردە ئۇيغۇر كونا يېزىقى بىلەن «يېڭى يېزىق» ئارىلىقىدا ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ گاڭگىراپ يۈرگەن خەلقنىڭ ھالى بۇ مۆھتەرەم ئىزچىنى قاتتىق ئارامسىزلاندۇرغان. ئابدۇراخمان يۇسۇپنىڭ بۇ خىل خەلقنىڭ ۋە ئەۋلادىنىڭ غېمىنى يېيىش روھى ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم بىغەرەز ئادەملەرنىڭ نەزەرىدە ئەھمىيەتسىز، «ساراڭ» لىقتەك بىلىنسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ تەڭداشسىز مەرىپەتچىلىك روھى دەپ قارالغان. شۇ بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئاخىرقى نەپەسىگىچە ئۆزىنى ئاتىۋېتەلەيدىغان كىشىلەرلا مەرىپەت نۇرلىرى بىلەن جىسمى ۋە روھى پاكلانغان كىشىلەردۇر. بۇنداق ئادەملەرنى پەرقلەندۇرەلەيدىغان كىشىلەر ھەم ئىلىم نۇرلىرى بىلەن جىسمى ۋە روھى پاكلانغان كىشىلەردۇر. ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە بۇيۇك تەۋپىق روھىنى يەنە بىر قېتىم نۇرلاندۇرۇپ، ئاخىرقى نەپەسىگىچە مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تۆھپىكار ئىزچى ئابدۇراخمان يۇسۇپ 1984 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 71 يېشىدا ئاتۇش تىجەندە ۋاپات بولغان.

# ئابدۇراخمان شاۋاز

ئابدۇراخمان شاۋاز 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بوۋگەن كەنتى چوڭ ھويلا مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇن ئىككى ياشقا كىرگىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. بۇ مەزگىلدە دادىسى شاۋاز ئاكا ئۇنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بوۋگەنلىك دىنىي ئۆلىما ئىمىنئاخۇن خەلپىتىمگە دىنىي تەلىم ئېلىشقا بەرگەن. ئابدۇراخمان شاۋاز ئىمىنئاخۇن خەلپىتىمدە ئوقۇش جەريانىدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ ناھايىتى تېزلا دىنىي ساۋاتىنى چىقارغان. ئوغلىدىكى بۇ خىل تىرىشچانلىق ۋە ئوقۇشقا بولغان زور ئىشتىياقنى كۆرگەن شاۋاز ئاكا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بىلىملىك، جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنىڭ ئائىلە مۇھىتىدىن كېلىدىغان تەسىرىنى ئىجابىي تەرەپتىن كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئۇستازى ئىمىنئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە، ئابدۇراخمان شاۋاز 18 ياشقا كىرگەندە قارىيلىقتىن ئۆتكەن. كىشىلىك پەزىلەت جەھەتتىمۇ ئەخلاقلىق، ئىمان ـ ئېتىقادى كۈچلۈك، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە چوڭلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، ھەق ـ ناھەق

مەسىلىلەردە ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ياشلاردىن بولۇپ يېتىلگەن. 1934-يىلىغىچە بولغان جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن دادىسىغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازى ئىمىنئاخۇن خەلپىتىمدىن قوشۇمچە تەلىم ئېلىپ قۇرئان تەپسىر قىلىشنى ئۆگەنگەن. بۇ خىل تىرىشىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئەرەب تىلى چۈشەنچىسى ئالاھىدە چوڭقۇرلىشىپ بارغان.

1934-يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى تىزىملاش پائالىيىتىنى باشلىغاندا، ئابدۇراخمان شاۋاز ئىلغار ياشلار قاتارىدا ئوقۇشقا تىزىملىتىپ، كۇرس باشلانغاندىن تارتىپ ئوقۇش پۈتكۈزگىچە بولغان ئالتە ئاي جەرياندا جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق، كۇرسنى ياخشى نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1935-يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر تۇتاش تەقسىماتى بىلەن ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، زور ئىشتىياقى بىلەن بىلىمگە ۋە ئويغىنىشقا تەشنا ئەۋلادلار ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن. بالىلارنىڭ سەبىي، قاغجىرىغان قەلبىگە يېڭى ئىدىيە ۋە ئىلغار قاراشلارنى چوڭقۇر سىڭدۇرگەن. ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

1937-يىلى ئوت يۈرەك ئەزىمەت مەمتىلى ئەپەندى پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ





ئاتۇشتىكى قول چوماقلىرى ئابدۇراخمان شاۋازنىڭ پېيىغا چۈشكەن. ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى سەزگەن ئابدۇراخمان دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، تۆركۈللۈك ئەمەت غوجى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان. كېيىن بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن كېچىلەپ قېچىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە 1937-يىلى كۈزدە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيەسىگە چىقىپ كەتكەن. بۇ يەردە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىسى ئىمىن شاۋاز ۋە ئىنىسى ئىمامموھەممەتلەر بىلەن تېپىشىپ، تاكى 1941-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە دۆربىلجىندە تۇرۇپ قالغان. بۇ جەرياندا ئابدۇراخمان شاۋاز بىر تەرەپتىن بىر تۇغقانلىرىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ ئۇلارنىڭ ھېساباتىغا قارىشىپ بەرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى يىللىرى چۆچەكتە خىزمەت قىلىۋاتقان سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەت قارىي مەشرەپ قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىكى ئىلغار ياشلار بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەخپىي تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان ئويغىتىش مەقسىتىدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئابدۇراخمان شاۋازنىڭ ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرى دۆربىلجىندىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇنىڭغا پايدىسىز ۋەزىيەتنىڭ

شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئاكىسى ئىمىن ئاخۇن ئۇنى دەرھال ئاتۇشقا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن يولغا سېلىپ قويغان. 1941 ـ يىلى كۈزدە ئۇ ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، يىل ئاخىرىدا سۈنتاغلىق بوتى باي دېگەن كىشىنىڭ قىزى سېلىمىخان بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، بىر مەزگىل ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1944 ـ يىلى تىجەن شەنلى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەتكە چۈشكەن. 1947 ـ يىلى مەشھەد قۇمباغ مەكتەپكە يۆتكىلىپ 1950 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئابدۇراخمان شاۋاز سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىجارە كېمەيتىش خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلىشىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. 1954 ـ يىلى بۆگەن باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ، بۇ مەكتەپتە 1957 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە شۇ يىلى بۇيامەت مەكتەپكە يۆتكەلگەن. 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى يەنە بۆگەن باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكىلىپ، 1963 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1963 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئابدۇراخمان شاۋاز ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بولۇپ قېلىپ، شۇ يىللاردا دۆرىلىجىنىدىن غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان قېرىنداشلىرى ئىمىن شاۋاز ۋە ئىمامموھەممەت شاۋازلارنىڭ قېشىغا داۋالانغىلى چىقىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق غۇلجىدا





تۇرۇپ داۋالىنىپ قايتىپ كەلگەن. بۇ مەزگىلدە كەڭ كۆلەملىك خىزمەتتىن قىسقارتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ ئىشخانىسى ئابدۇراخمان شاۋازنى «ئۇزۇن مەزگىل ئىش تاشلاپ، ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن چېكىنىدى» دېگەن ھۆججەتنى چىقىرىش بىلەن ئۇنى خىزمەتتىن توختاتقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ مۆھتەرەم ئىزچى ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىدىن، خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالغان.

1965 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئويغاق ئىدىيەسى، ئەقىل ـ پاراستى، مول پەننىي ۋە دىنىي بىلىم ئاساسى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، بۆگەن چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپلىقى بىلەن مەشغۇل بولغان. پۈتكۈل ھاياتىدا ئىلىمگە ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شەيدا بولۇپ ياشىغان ئابدۇراخمان شاۋاز ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە سەرپ ئەتكەن. ئىزچى ئابدۇراخمان شاۋاز ئائىلىدە مۇكەممەل بولغان ياشاش تەرتىپىنى ئورنىتىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنتىنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مىللەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىغا پۇختا ئاساس

سالغان. نەتىجىدە پەرزەنتلىرى ئارىسىدىن قىزىلسۇ
ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى،
ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئامىنە ئابدۇراخماندەك قابىل
رەھبەرلەر يېتىشىپ چىققان. پەرزەنتلىرىگە ھەر ۋاقىت
ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەش، مەيلى خىزمەت ياكى
كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن ئادىل، سەممىي، كىچىك
پېئىل بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن.

چەكلىك ھاياتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئاق
كۆڭۈل، چىقىشقاق پەزىلىتى، يېڭىلىقلار ۋە ئۆزگىرىشلەرگە
تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارايدىغان ئىلغار ئىدىيەسى بىلەن
كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر
بولغان مۆھتەرەم ئىزچى ئابدۇراخمان شاۋاز 1997 - يىلى 85
يېشىدا بۆگەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.





ئابلاجان زاكىر
(1910 - 2002)

# ئابلاجان زاكىر

ئابلاجان زاكىر 1910 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئوڭئىبرىق كەنتى خانىقا يېنىدىكى قازىكۆل مەھەللىسىدە تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر باي زاكىر ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. زاكىر ھاجىم ئۆز زامانىسىدا ئاتۇش تەۋەسىدە تەسىرى چوڭ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا تونۇلغان يۇرت چوڭلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ زامانلاردا يۇرتداشلىرى سوپى ھاجىم، ئەمەت ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەنجان، تاشكەنت، قاراقول قاتارلىق شەھەرلەردە يۈرۈپ، چەت ئەللەردىكى تەرەققىيات ـ يېڭىلىقلارنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ ئىدىيە جەھەتتە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. چەت ئەللەردىكى ئادەملەر بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە ياشاش ئادىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي تەقدىرى ئۇستىدە ئويلىنىشقا باشلىغان ۋە پەقەت ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەش ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاش مۇھىتىنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم ۋەتەنگە ۋە يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، مەكتەپ ئېچىش ۋە ئەۋلادنى ياخشى تەربىيەلەش توغرىسىدا تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. زاكىر ھاجىمنىڭ ئايالى سوفىيە خانىم ئاتۇش مەشھەدلىك ئايال بولۇپ، يولدىشى تىجارەت ئىشلىرى بىلەن ئائىلىدە كۆپ تۇرالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بالىلارنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، چوڭ ئوغلى ئابدۇقادىرنى زاكىر ھاجىمنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىشقا سالغاندىن باشقا ئىمىن ئاخۇن، ئابدۇغوپۇر، مۇھەممەت قاتارلىق پەرزەنتلىرىنى ئوڭئېرىقتىكى مۇدەررىس، موللىلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسىگە، ئابلاجاننى مەشھەدتىكى «سۇلتانىيە مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا بەرگەن. ئابلاجان سۇلتانىيە مەدرىسەسىدە 1930-يىللارغا قەدەر ئوقۇپ ھابىل ھاجىم، ئەمەت داموللام قاتارلىق ئۆلىما، مۇدەررىسلەردىن تەلىم ئالغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلىغاندا زاكىر ھاجىم بۇ مىسلىسىز يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، مەكتەپ قۇرۇش ھەيئىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى بولغان. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە ھەمكارلىشىپ ھەرقايسى كەنتلەرنى ئارىلاپ، مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلغان. ئوغلى ئابلاجاننى ئوڭئېرىقتا ئېچىلغان مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا بەرگەن. ھەرقايسى كەنتلەردە





مەكتەپلەر ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن، زاكىر ھاجىم مەمتىلى ئەپەندى قۇرغان مائارىپ ئۇيۇشمىسىدىكى توققۇز كىشىلىك مائارىپ ھەيئىتىنىڭ بىرى بولۇپ، يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدا ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي بېرىلىپ ئىشلىگەن.

1935-يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئابلاجان زاكىرنى مەشھەد باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئابلاجان 1937-يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1937-يىلى كۈزدە مەرىپەتپەرۋەر باي، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر زات زاكىر ھاجىم نەچچە يۈزلىگەن ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە، بىگۇناھ كىشىلەر قاتارىدا جاللات شىڭ شىسەينىڭ زەھەرلىك قولى بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپ ئىز-دېرەكسىز يوق قىلىۋېتىلگەن. ئادەمخور جاللاتلارنىڭ قارا قولى مائارىپ ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان ئابلاجان زاكىرغىمۇ سوزۇلۇش ئالدىدا، ئۇ ئاتۇشتىن چىقىپ كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ئەينى يىللاردا دادىسى بىلەن بىللە تىجارەت قىلىپ كېيىنچە قاغىلىقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەمەت ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، 1938-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بۇ يەردە پاناھلىنىپ تۇرغان. 1939-يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، 1942-يىلىغىچە يەنە مەشھەد باشلانغۇچ مەكتەپتە

ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئابلاجان زاكىر 1942-يىلىدىن 1947-يىلىغىچە پەيزاۋات ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئابلاجان زاكىر بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئورگىنىدا ئىشلەپ كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ دەرد ئەھۋالىغا يەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، زۇلۇمغا قارشى ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسەت قىلىنغان تەشۋىقات، ئويغىتىش ھەرىكەتلىرىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىغان. 1947-يىلى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇنىڭ داۋاملىق ھۆكۈمەت ئورگىنىدا تۇرۇپ گومىنداڭغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا قارىتا ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشكە باشلىغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئابلاجان زاكىر خىزمەتتىن چېكىنىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ كۈندىن-كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغان.

1953-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا خىزمەتكە چۈشۈپ، 1955-يىلىغىچە بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1955-يىلىدىن 1958-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1958-يىلى «تارىخىي مەسىلىسى» بار






دېگەن گۇمان بىلەن خىزمەتتىن توختىتىلىپ بىر يىل تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان. 1959-يىلى قايتىدىن خىزمەتكە چۈشۈپ، بورتالا ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن. 1962-يىلىغىچە بورتالا ۋە جىڭ ناھىيەلىرىدە ئامبارچى ۋە كاسسىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1962-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ تاشكەنتتە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كۆچۈرگەن. 20 يىلغا يېقىن تاشكەنتتە تۇرۇپ، 1983-يىلى ئەنجانغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، «تەۋپىق كىتابخانىسى» نامىدىكى كىتابخانىسىنى ئېچىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پەخىرلىك ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مۇبارەك تەخەللۇسى «تەۋپىق» نامىدىكى كىتابخانا مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكەن.

1990-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئابلاجان زاكىر تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەتەنگە كېلىپ ئالدى بىلەن ئەينى يىللاردا، جاھاننى لەرزىگە سېلىپ، ناخشا-مارشلارنى ياڭرىتىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىن —— ئوڭئېرىق خانىقادىكى مەكتەپ ئورنىنى زىيارەت-تاۋاپ قىلغان (گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى قالمىغان بولسىمۇ). ئۇ بۇ قېتىمقى تۇغقان يوقلاش سەپىرىدە ھازىرقى ئوڭئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ

قىشلىق ئىسسىنىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن
ياردەم قىلىپ ئۆز كۆڭلىنى ئىزهار قىلغان. مۆھتەرەم
ئىزچى ئابلاجان زاكىر 2002 ـ يىلى 92 يېشىدا ئەنجاندا
ئالەمدىن ئۆتكەن.





ئابدۇراخمان سەمەر
(1997 ـ 1912)

# ئابدۇراخمان سەمەر

ئابدۇراخمان سەمەر 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتى بىيدىچى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر سەمەرباي موللاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1926 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1926 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە تىجەن مەدرىسىدە ئوقۇپ سوپاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىدىن دىنىي تەلىم ئالغان. ئۈچ يىل ئوقۇش جەريانىدا ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ خېلى چوڭقۇر دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان. 1929 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە ئابدۇراخمان سەمەر ئانىسى ۋە بىر تۇغقانلىرىغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

ئابدۇراخماننىڭ دادىسى سەمەر باي موللاخۇن ئەينى يىللاردا ئاتۇش بىلەن ئىلى ئارىلىقىدا سودىگەرچىلىك قىلىپ، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا توپلىغان، قارنى ـ كۆكسى كەڭ، يېڭىلىقنى ياقىلىغۇچى تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، كېيىنچە تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە قەدەر بېرىپ تىجارەت قىلغان. جاھاننى، دۇنيانى چۈشىنىپ ئىدىيەدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. شۇڭا ئۇ 1934 ـ

يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش دولقۇنىنى قوزغىغاندا قەتئىي ئىككىلەنمەستىن بۇ ھەرىكەتنى قوللىغان. تىجەن كەنتىگە سېلىنىۋاتقان يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغان. ئوغلى ئابدۇراخماننى ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىملەر يېتىشتۇرۇش كۇرسىغا ئوقۇشقا بەرگەن. ئابدۇراخمان سەمەر كۇرستا تىرىشىپ ئۆگىنىپ بەلگىلىك ئىلغار دۇنيا قاراش ۋە بىلىم ئاساسىنى تىكلىگەن. مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئابدۇراخمان سەمەرنى بۇيامەت كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان.

ئابدۇراخمان سەمەر 1943 ـ يىلىغىچە بۇيامەت مەكتەپتە توپتوغرا سەككىز يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ پىكرى ئوچۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ، پىداكار ئەۋلادلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. 1943 ـ يىلى ئۇ تىجەن شەنلى مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ 1947 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن 1946 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەخپىي تەشكىلات





قۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1947 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. 1947 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا ئابدۇراخمان سەمەر غۇلجىغا چىقىپ كېتىپ، دادىسىنىڭ غۇلجىدىكى سودا شېرىكى موللا مۇسا ھاجىم دېگەن كىشى بىلەن بىرلىكتە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. (ئابدۇراخمان سەمەرنىڭ دادىسى سەمەر باي 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن. سەمەر باينىڭ موللا مۇسا ھاجىم بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ۋە بىر قىسىم ھېسابات ئىشلىرى تېخى ئۈزۈلمىگەن) ئۇ كېيىن موللا مۇسا ھاجىم بىلەن دادىسىنىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ 1950 ـ يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاتۇش ناھىيەلىك ئۇيۇشمىغا كىرىپ مالىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. 1953 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا ئالمىشىپ، كوپېراتىپنىڭ كاتىبات خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىرى شىركىتىگە ئالمىشىپ چىقىپ تاكى 1966 ـ يىلىغىچە شىركەت كادىرى ۋە بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. 1966 ـ يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ،



ئابلىز تىلۋالدى
(1991 ـ 1913)



بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىسى ۋە كادىرلىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ ئامانلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ 1980 ـ يىلى بۇ ئورۇندىن دەم ئېلىشقا چىققان. كېيىنكى ئۆمرىنى تىجەن كەنتىدە دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئىزچى ئابدۇراخمان سەمەر 1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 85 يېشىدا تىجەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئابلىز تىلىۋالدى

ئابلىز تېلىۋالدى 1913 - يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتى بۇياقچار مەھەللىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925 - يىلغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1925 - يىلىدىن باشلاپ يۇرتى تىجەندىكى مەدرىسەدە ئوقۇپ، موللا ئەزىز داموللام ۋە سوپاخۇن خەلپىتىملەردىن دىنىي تەلىم ئالغان. ئۇستازلىرىنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۆگىتىشى ۋە ئۆزىنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە، مۇئەييەن بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان. 1930 - يىللاردىن باشلاپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئىلغار ياشلاردىن مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى تاللىغاندا ئابلىز تىلىۋالدى جەڭگىۋار ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935 - يىلى يانۋاردا مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئابلىز تىلىۋالدىنى تەختىيۇن كەنتىگە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر ۋە مۇئەللىملىككە تەيىنلىگەن. ئەينى ۋاقىتتا تەختىيۇن مەكتەپ ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ بولۇپ، ئابلىز تىلىۋالدى بۇ مەكتەپتە 1939 - يىلغىچە مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە

ئېلىپ ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى كۆزقاراشلارنى چوڭقۇر سىڭدۇرگەن.

1939-يىلى تەختىيۇن مەكتەپ شورۇق قەدىمجاي مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مەكتەپ ئورنى شورۇققا يۆتكەلگەن. مەكتەپ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. ئابلىز تىلىۋالدى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ تاكى 1947-يىلىغىچە شورۇق مەكتەپتە ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە شورۇق مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىدا ئون سىنىپ ئوقۇغۇچى ئوقۇغان بولۇپ، شورۇق قەدەم جاي مەكتەپنىڭ ئۆزىدە يەتتە سىنىپ ئوغۇللار، ئۇنتىساق مەھەللىسىدە ئۈچ سىنىپ قىزلار ئوقۇغان. مەكتەپتە ئانا تىل، ھېساب، تەبىئەت، دۇنيا تارىخى، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە ۋە دىنىي ئىلىم قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە شورۇق مەكتەپنىڭ باشقا كەنتلەردىكى مەكتەپلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئوقۇغۇچى سانى كۆپ بولۇپ، ئابلىز تىلىۋالدى ئالدى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئەللىملەرگە تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيە خىزمىتىدە قىلچىمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلماسلىق، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئادىمىيەت تەربىيەسىنى چىڭ تۇتۇش، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە تۇراقلىشىش مەسىلىسىنى مەركىزىي نۇقتا قىلىش ۋە جەمئىيەتنىڭ مائارىپنى، مەكتەپنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتلەردە ناھايىتى كۆپ كۈچ ۋە زېھىن سەرپ قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابلىز تىلىۋالدىنىڭ بۈگۈنگىچە شورۇقتا ياشاپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئابلىز تىلىۋالدىنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ مۇبارەك





نامىنى پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلمەكتە.

1947-يىلى ئابلىز تىلىۋالدى تىجەن شەنلى مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ يۆتكىلىپ 1957-يىلىغىچە توپتوغرا ئون يىل بۇ مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسىگە تايىنىپ، يۇرتىنىڭ ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيە خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندىن سىرت دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ۋە دەرستە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ، ئۆزى ئۇلارغا دۇنيا ۋە دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ھېرىپ-چارچاشتىن باش تارتماي ئىشلىگەن. 1957-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ باشلانغان «سول» چىل خاتا لۇشيەننىڭ تەسىرى بىلەن بۇ مۆھتەرەم ئۇستاز «ئېغىر تارىخىي مەسىلىسى بار» دەپ قارىلىنىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە «تارىخى ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كەيدۈرۈلۈپ كۈرەشكە تارتىلىپ ئىنتايىن ئېغىر قىسمەتلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن. 1979-يىلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۇرغۇزۇلغان دېلو ئاغدۇرۇلۇپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980-يىلى دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان.

چەكلىك ھاياتىنى ئوقۇتۇش ۋە ئەۋلادلارنى



ئابلىز قارىي جامال
(1987 ـ 1908)



تەربىيەلەشتەك بۈيۈك خىزمەتكە ئاتىنۋەتكەن، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا مەڭگۈ يۈز كېلەلىگۈدەك ئەجىر-مېھنەت سىڭدۈرگەن ھارماس ئىزچى ئابلىز تىلىۋالدى 1991-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى 78 يېشىدا تىجەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئابلىز قارىي جامال

ئابلىز قارىي جامال 1908 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسى ئارامەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان. 1918 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1918 - يىلىدىن 1924 - يىلىغىچە ئاغۇدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ 16 يېشىدا قارىيلىقتىن ئۆتكەن. 1925 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە ئاتۇش تىجەندە ئەمەت ھاجىم نامىدا ئېچىلغان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1926 - يىلىدىن 1927 - يىلىغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇ تۈركىيەدىن كەلگەن ياقۇپ ھاجى دېگەن كىشىدىن سائەت رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىپ، خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن سائەت رېمونتچىسى بولۇپ قالغان.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، بىلىمگە ھېرىسمەن، يېڭىلىق ئىدىيەسى كۈچلۈك بولغان ئابلىز قارىي جامال تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ كۇرسقا قاتناشقان. ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئابلىز قارىينى ئەينى ۋاقىتتا ئاغۇ يېزىسىدا قۇرۇلغان مازار باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن بىرقانچە خىل دەرسلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ جاپالىق ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولسا،

يەنە بىر تەرەپتىن ئاغۇ يېزىسىدا بىرقانچە ئورۇندا پەننىي مەكتەپلەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئوقۇغۇچى مەنبەسىنى كېڭەيتىش ۋە جەمئىيەتتىكى يۇز-ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن ئاتىلار ھەيئىتى قۇرۇپ، مائارىپ ۋە تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا توختاۋسىز ئىشلىگەن. ئۇنىڭ كىشىلەرگە يېڭىچە مائارىپنى قوللاش، باللىرىنى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش قاتارلىق تەرەپلەردە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئەينى ۋاقىتتا ئاغۇ يېزىسىدا مەكتەپتە ئوقۇشقا تىزىملىتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، دەرسخانا ۋە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلگەن. ئابلىز قاري بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى جىددىي ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئابلا قادىر ۋە ئاببىاس قۇربان دېگەن ئىككى كىشىنى ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىدە ئېچىلغان، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ دەرس ئۆتىدىغان روشتى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

1938-يىلى ئابلىز قاري خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەمىنات بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن. 1939-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خەلپەت سۇزۇك ھاجىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەشقەر ھېيتگاھ كىنوخانا قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلگەن. ئابلىز قاري بۇ كىنوخانا پۈتكەندىن كېيىن، 1944-يىلىغىچە





كىنو قويۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1944-يىلىدىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدىكى تۆت چوڭ كىنوخانىنىڭ تېخنىكى بولۇپ ئىشلىگەن. ئابلىز قاري بىلىم خۇمار كىشى بولغاچقا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ رۇس تىلى ئۆگىنىپ، رۇس تىلىدىكى ماتېرىياللارنى بىمالال كۆرەلەيدىغان بولغان. 1951-يىلى ئابلىز قاري سوۋېت ئىشپىيونى دېگەن گۇمان بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋاقى سەيدۇللا دېگەن كىشى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 1953-يىلىغىچە سەۋەبسىز ئىككى يىل قامالغان. 1953-يىلى قاماقتىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ھېيتگاھ جامەسى يېنىدا سائەت رېمونتچىلىق دۇكىنى ئېچىپ ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلغان. 1954-يىلى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، قەشقەر يۇمىلاق شەھەر دوستلۇق كىنوخانىسى پۈتكەندىن كېيىن، دوستلۇق جەمئىيىتى ئابلىز قارىينى بۇ كىنوخانىنىڭ باش تېخنىكى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 1958-يىلىغىچە بىر تەرەپتىن ئۆز خىزمىتىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن 20 دىن ئارتۇق تەلەپچان ياشلارنى كىنو قويۇش، تارقىتىش تېخنىكىسى جەھەتتىن تەربىيەلەپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلىرىدىكى كىنوخانىلارغا باشقۇرۇش، فىلىم قويۇش، تارقىتىش تېخنىكلىرى قىلىپ ئەۋەتكەن. 1958-يىلى ئۇ ھېيتگاھ خەلق كىنوخانىسىنى ئۆزگەرتىپ

قۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك، ئۆلچەمگە لايىق پۈتۈپ چىقىشىغا باشتىن ـ ئاخىر نازارەتچىلىك قىلغان. 1966 ـ يىلىغىچە ھېيتگاھ خەلق كىنوخانىسىدا ئالىي تېخنىك سالاھىيىتى بىلەن ئىشلەپ كەلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا ئابلىز قارى «سول» چىل خاتا لۇشيەنىنىڭ زەربىسى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن . 1979 ـ يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇستاز ئىزچى ئابلىز قارى جامال 1987 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 79 يېشىدا قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان. مەرھۇمنىڭ جەسىتى يۇرتى ئاتۇش شەھىرى ئاغۇ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.





ئابدۇرېشىت ئىمىنھاجى
(1944 ـ 1913)

# ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى

ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتى قوغان ھويلا مەھەللىسىدە تەقۋادار دىنىي زات ئىمىن ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئائىلە تەربىيەسىدە ئۆتكۈزگەن. بۇ مەزگىلدە دادىسى ئىمىن ھاجىمدىن دىنىي تەلىم ئېلىپ، مەلۇم دەرىجىدە دىنىي بىلىم ئاساسىنى تىكلىگەن. دادىسى ئىمىن ھاجىم ئوغلى ئابدۇرېشىتنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بىلىم ئېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە مەشھەدتىكى «سۇلتانىيە مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا بەرگەن. ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى بۇ مەدرىسەدە تۆت يىل يەنى 1932 ـ يىلىغىچە ئوقۇپ، ئەينى دەۋردىكى شائىر ، ئۆتكۈر مەسخىرىچى، مەشھۇر دىنىي ئۆلىما ئەمەت داموللامدىن بىلىم ئېلىپ، دىنىي جەھەتتىن قارىيلىق دەرىجىسىگە يېتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇستازىنىڭ تەسىرى بىلەن كىلاسسىكلاردىن نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلەرىنىمۇ ئوقۇپ، كىلاسسىكلارنىڭ شېئىر، داستان، نەزمىلىرىنى يادلاپ بىلىم دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. 1932 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئائىلىدە دادىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەڭگىۋار ياشلارنى تىزىملاپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم

يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى ئەشۇ جەڭگىۋار ياشلار قاتارىدا بۇ كۇرستا ئوقۇغان. كۇرس ئوقۇش تاماملىنىغاندىن كېيىن 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى ئاتۇش تىجەندىكى ئىپتىدائىي مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. مەشهۇر دۆلەت ئەرباب سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىدىكى «ئاتۇشتا ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپچىلىق هەرىكىتى» سەرلەۋهەلىك ئەسلىمىسىدە: «مەن تىجەن مەكتەپكە مۇدىر هەم مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلەندىم، يەنە تۆركۆللۈك ئابدۇلبارى ۋە ئابدۇرېشىت دېگەن ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى» دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئابدۇرېشىت دەل مۇنەۋۋەر ئىزچى ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى ئىدى.

ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى 1937 ـ يىلى يازغىچە تىجەندە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، شېڭ شىسەي ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغاندا ئاتۇشتىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىپ، يوپۇرغا ناهىيەسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇرتدىشى ئابدۇكېرىم ياقۇپ دېگەن كىشىنىڭ يېنىدا 1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر يوشۇرۇنۇپ تۇرغان. ئاتۇش شەهرى تىجەن كەنتىنىڭ مەكتەپ ئالدى مەهەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ياسىن زوردۇن ئاكىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، 1937 ـ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي دائىرىلىرى پەقەت ئاتۇشنىڭ تىجەندىن ئىبارەت كىچىككىنە بىر كەنتىدە ئۆلتۈرگەن ئىلغار زىيالىيلار، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە مەرىپەتپەرۋەر





بايلار 23 كىشىگە يەتكەن. ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى 1938 ـ يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، 1941 ـ يىلىغىچە تىجەن شەنلى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1941 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلغان. 1943 ـ يىلى ئاتۇش ناهىيەلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەن.

1944 ـ يىلى يازدا گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق يۆتكەش سىياسىتى چۈشۈپ، ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى ئاتۇشتىن ئاشلىق يۆتكەشكە مەسئۇل بولۇپ يولغا چىققان. ئۇلار قاراشەهەرگە بارغاندا ئاتۇشتا ئېغىر كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئاشلىق يۆتكەپ ماڭغان ئاتۇشلۇقلار يۇرت ماكانلىرىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان. بۇ خىل ئەهۋالدا ئاتۇشتىن ئېلىپ ماڭغان ئاشلىقنى قاراشەهەردىكى قورچاق هۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، باشقىلار ئاتۇشقا قايتقان. ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى ئۆزۈن يىل گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە يېتىپ يېڭىلا قويۇپ بېرىلگەن ئاكىسى ئابدۇقادىر ئىمىنهاجى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىققان. ئۇ ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى ئېلىپ شىخوغا كەتكەن. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئاكىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن غۇلجىغا كەلگەن. ئاكىسى ئابدۇقادىر ئىمىنهاجى ئەينى ۋاقىتتىكى هەددىدىن زىيادە ناچار تۈرمە شارائىتىدە ئېغىر دەرىجىدە كېزىك كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان بولۇپ، غۇلجىغا كېلىپ ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى ئاكىسى بىلەن بىر مەزگىل بىللە



ئابلىمىت قارىي ئەيسا
(1914 - 1951)



بولۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش جەريانىدا ئاكىسىدىن بۇ كېسەلنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان ھەمدە ئاكىسى قازا قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن ، يەنى 1944 - يىلى 11 - ئايدا 31 يېشىدا غۇلجىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئابلىمىت قارىي ئەيسا

ئابلىمىت قارىي ئەيسا 1914-يىلى ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتى ئاياغ شورۇق مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق، يېڭىلىق تەرەپدارى ئەيسا باي ئىسىملىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1926-يىلىدىن 1930-يىلىغىچە شورۇق كەنتىدە ئەينى يىللاردا ئاتۇشتا تونۇلغان ئۆلىما، مۇدەررىس ئىمىن قارىيدا ئوقۇپ مۇرەتتەپ قارىي بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئىمىن قارىي ئەسلى مەكىتلىك كىشى بولۇپ، ئابلىمىت قارىينىڭ چوڭ ئاكىسى تاياخۇن خەلپىتىم (تاھىر خەلپىتىم) مۇكەممەل بىلىم ئېلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخارا مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا چىققاندا، ئىمىن قارىي بىلەن بىللە ئوقۇغان. ئۇلار ئوقۇش جەريانىدا ئۆزئارا تونۇشۇپ، سىردىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئەڭ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغان. ئوقۇش جەريانىدا ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيە ۋە قاراشلىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن يېڭىلىقلار، ئۆزگىرىش-تەرەققىياتلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ۋەتەن، مىللەت ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىدىغان ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشكەن. بۇخارادىكى ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن تاياخۇن خەلپىتىم ئۇستازىدىن ئىمىن

قارىينى ئاتۇشقا بىللە ئېلىپ كېتىش ئۇچۇن رۇخسەت ئېلىپ، 1925 ـ يىلى بىرلىكتە ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش يولىدا كۆپ ئىزدەنگەن ۋە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي چەكلىمىلىكلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبلىك يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىشقا ئامالسىز قالغان. 1926 ـ يىلى تاياخۇن خەلپىتىم شورۇقتىكى باتۇر دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىنى ۋاقىتلىق مەدرىسە قىلىپ، ئىمىن قارىينى مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلغان، ئۇنىڭ شورۇقتىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىنى ئۆتۈنگەن. ئىمىن قارىي دوستىنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، شورۇقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئابلىمىت قارىي ئىمىن قارىيدا 1930 ـ يىلىغىچە ئوقۇپ قارىيلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بىلىم ئېلىپ مۇكەممەل يېتىلىشىنى كۆڭلىگە پۈككەن تاياخۇن خەلپىتىم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئىمىن قارىي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا ئەكىرىپ بەرگەن. ئابلىمىت قارىي 1933 ـ يىلىغىچە خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇپ، بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇش پۇرسىتىگە





ئېرىشكەن.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش ۋە ھەرقايسى كەنتلەردە مەكتەپ سېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مەرىپەتپەرۋەر زات تاياخۇن خەلپىتىم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار پىلانىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ئىنىسى ئابلىمىت قارىينى مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا بەرگەن. شورۇقتا يېڭىچە يەنىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، تارىخىي خاراكتېرلىق بۇ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئابلىمىت قارىي ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى تۆركۈل مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ مەرىپەتچىلىك قايىنىمىدا، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش، ئۇلارنىڭ قەلبىگە بىلىم ئۇرۇقىنى چېچىش ۋە كەڭ كۆلەملىك ئاقارتىش خىزمىتىنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن. 1939 ـ يىلى ئابلىمىت قارىي قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرىپ 1940 ـ يىلىغىچە بىر يىل ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن تىجەن شەنلى

مەكتەپتە 1943 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئاتۇش مائارىپ ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەپ ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلغان. 1947 ـ يىلى ئابلىمىت قارىي سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىق سەۋەبلىك خىزمەتتىن چېكىنىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1951 ـ يىلى 37 يېشىدا ئاتۇش شورۇقتا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.







ئابدۇراخمان تاش

(1990 ـ 1913)

# ئابدۇراخمان تاش

ئابدۇراخمان تاش 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنتى سىپدىلىك مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان مۇھەممەت تاش ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇ 12ياشلاردىن ئاشقاندا سۇنتاغ كەنتىدە ئەمەتقۇل ھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بالىلارغا دىنىي تەلىم بېرىدىغان ئاغۇلۇق ھەسەن قارىمغا ئوقۇشقا كىرىپ دىنىي تەلىم ئالغان. ئۇ ئۈچ يىل ھەسەن قارىمدا ئوقۇپ دەسلەپكى بىلىم ئاساسىنى ياراتقاندىن كېيىن، دادىسى مۇھەممەت تاش ئوغلىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بىلىم ئېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى 1928 ـ يىلى مەشھەدتىكى سۇلتانىيە مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇراخمان تاش ئەينى دەۋردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان سۇلتانىيە مەدرىسەسىدە ئەمەت داموللامغا ئوخشاش داڭلىق كىشىلەردىن تەلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

ئەمەت داموللام ئاتۇش ۋە قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسەلەردە ئوقۇغاندىن باشقا، يەنە ھىندىستاندىكى دېۋبەن ۋە مىسىردىكى ئەزھەر قاتارلىق دۇنياۋى داڭلىق

ئۇنىۋېرسىتېتلاردا 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلىم تەھسىل قىلىپ ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن، بىلىم ئىشقىدا ئۇزۇن يىل جاھان كېزىپ ئوخشىمىغان مۇھىت، ئوخشىمىغان ئىدىيە ۋە ئوخشىمىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇنازىرە ۋە سۆھبەتلەردە بولغان پىكرى ئوچۇق، ھەققانىيەتچى ئۆلىمالاردىن ئىدى. ئۇستازلىرىدىكى بۇ خىل ئالىيجاناب روھ ئوقۇش جەريانىدا ئابدۇراخمان تاشقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ سىناقلىرىدا ھەققەت مەيدانىدا تۇرۇپ، ئادالەتسىزلىك ۋە خۇراپاتلىققا قارىتا كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان جاسارەتلىك ياش بولۇپ يېتىلىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى تىزىملاشقا باشلىغاندا، ئابدۇراخمان تاش ئىلغار ياشلار قاتارىدا كۇرسقا تىزىملىتىپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935-يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئابدۇراخمان تاشنى ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتىگە سېلىنغان قەدىمجاي باشلانغۇچ مەكتەپكە





مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. شورۇق قەدىم جاي مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى، ھازىر ئاتۇشنىڭ ئاياغ شورۇق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 93 ياشلىق ئابدۇلجان ئاكا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ۋاقىتتا مەمتىلى ئەپەندى شورۇققا مەتنىياز ئەمەت، ئابدۇراخمان تاش، ئوبۇلخەيرى ۋە بەدرىدىن قاتارلىق تۆت مۇئەللىمنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى سىنىپلارغا باشلاپ كىرىپ بىزگە بىرمۇ-بىر تونۇشتۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇراخمان ئەپەندى شورۇقتا ئەڭ ئۇزۇن ئىشلىگەن. ئۇ بىزگە ئانا تىل ۋە تەبىئەت دەرسلىرىنى بېرەتتى. خەتنى بەك چىرايلىق يازاتتى. ئۆزى بەك مۇلايىم، چىقىشقاق ئادەم بولۇپ، بىزگە ھەر كۈنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى ئۆگىتەتتى...».

1942-يىلى ئابدۇراخمان تاش شورۇقتىن تۆركۈل مەكتەپكە يۆتكىلىپ، 1947-يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1947-يىلى ئۇ قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پوسكام ناھىيەسىگە بېرىپ، پوسكامنىڭ گۈلباغ، ژىما قاتارلىق يېزىلىرىدىكى مەكتەپلەردە 1953-يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، پوسكامدىكى بىر قىسىم

مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەشكىللەش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1954- يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، يۇرتى سۇنتاغ باشلانغۇچ مەكتەپكە خىزمەتكە چۈشۈپ، 1958- يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

1958- يىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى مەزگىلىدە ئابدۇراخمان تاش «تارىخىي مەسىلىسى بار» لار قاتارىدا تارتىپ چىقىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا ئوخشاش ئىسىملىك ئاغۇلۇق ئابدۇراخمان تاشقا كەيگۈزۈلگەن «تارىخىي ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» قالپىقى خاتا ھالدا مەزكۇر ئىزچى ئابدۇراخمان تاشقىمۇ كەيدۈرۈلۈپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. ئىككى ئابدۇراخمان تاش ئوخشاش بىر قالپاقنى كىيىپ ئوخشاش بىر تارىخىي قىسمەتكە دۇچار بولغان. مۆھتەرەم ئىزچى ئابدۇراخمان تاش 20 يىل ناھەق ھالدا ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ، كانسۇ كان رايونىدا نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كان قۇدۇقلىرىدا ھەقسىز ئىشلەپ ۋە پولات تاۋلاش ئەمگەكلىرىگە سېلىنىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە ۋە مىللەتكە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان قىران چاغلىرى «سول» چىل خاتالىقنىڭ تەسىرى بىلەن ۋاقىتسىز نابۇت قىلىنغان.





پارتىيە 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «تۆت خىل» كىشىلەرنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىش بىلەن ئابدۇراخمان تاشنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1979- يىلى 5- ئاينىڭ 19- كۈنى ئاتۇش ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى قايتا- قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق: «...ئابدۇراخمان تاشقا تارىخىي ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر قالپىقىنى كەيدۈرۈشكە تېگىشلىك ئەمەس. مەزكۇرغا بېرىلگەن جازا خاتا بولغان. ئابدۇراخمان تاشنىڭ دېلوسى ئۇۋال قىلىنغان دېلو. شۇڭا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىندى...» دېگەن مەزمۇندا ھۆججەت چۈشۈرۈپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە شۇ يىلدىن باشلاپ دەم ئېلىشقا قايتۇرۇلغان.

مۆھتەرەم ئۇستاز ئابدۇراخمان تاش ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچار بولغان ئاشۇ يىللاردىمۇ ئىجتىھات قىلىش، ئىزدىنىشنى قولدىن بەرمەي، كۈندۈزى ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلسىمۇ، كېچىلىرى جاپالىق ئەقلىي ئەمگەكلەرنى سىڭدۈرۈپ، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، 1950- يىلدىن 2050- يىلغىچە بولغان بىر ئەسىرلىك ۋاقىتنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ھېسابلاپ چىقىپ، توغرىلىق دەرىجىسى ئىنتايىن ئېنىق بولغان

مىلادىيە ـ ھىجرىيە سېلىشتۇرما كالېندارىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ ئەمگەك مېۋىسىنى پەرزەنتلىرى بۈگۈنگىچە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن (بۇ ماتېرىيال ھازىر مېنىڭ قولۇمدا). ئۇستاز ئىزچى ئابدۇراخمان تاش 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 77 يېشىدا ئاتۇشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.





ئابدۇلبارى غوجى
(1948 ـ 1908)

# ئابدۇلبارى غوجى

ئابدۇلبارى غوجى 1908 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتى ئازنا مەسچىت ئالدىدا ئولتۇرۇشلۇق غوجى ئاخۇن قارىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە ئۆز يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، دەسلەپكى دىنىي بىلىم ئاساسىنى تىكلىگەن. 1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغاندا، زور ئىشتىياق بىلەن بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان. ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قاتناشقان. مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى بىللە بىلەن تىجەن كەنتىدىكى ئەمەتھاجىم نامىدا سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ تەقسىملەنگەن. ئۇ ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردە جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىرلەرنى قوزغىغان. 1937 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە سۇنتاغ بەستامىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى، تەرەققىيات، ئازادلىق ۋە

ئۇيغىنىش ھەققىدىكى ئەقىدىلىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسىگە سىڭدۈرگەن. ئابدۇلبارى پاكىزە، رەتلىك كىيىنىپ، سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ئۇستاز بولۇپ، بۇ خىل ئەقەللىي كىشىلىك تۇرمۇش ئادىتىنى ئوقۇغۇچىلىرى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت كىشىلىرىگە ھەر ۋاقىت تەۋسىيە قىلىپ ماڭغان. ئابدۇلبارى بەك چاققان كىشى بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرلىرىدىن ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش جەھەتتىكى ماھارىتى ئابدۇلبارىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ھېلىھەم يادلىنىپ كەلمەكتە. ئەينى يىللاردا ئابدۇلبارى قەشقەر قىزىل دەريا بويىدىكى ئەسكى ساردا ئۆتكۈزۈلىدىغان پائالىيەتلەردە، مۇسابىقىلەرگە ئاتۇش ئىزچىلىرى نامىدىن قاتنىشىپ، ئېگىزگە سەكرەش ۋە يىراققا سەكرەش تۈرلىرىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بەتىنكە، رەخت، سائەت قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلانغان ۋە زور شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. ئابدۇلبارى قولى ئەپلىك كىشى بولۇپ، ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلارنى شۇنداق سىپتا، كۆركەم ياساش بىلەن بىرگە، راۋاب، چاڭ قاتارلىق سازلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان ماھىر سازەندە ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە، كەسپداشلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەرخىل سازلارنى چېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ،





ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتە ياخشى ئوقۇشقا قىزىقتۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپتىكى بۇ قايناق ھايات مەنزىرىسىنى جەمئىيەتكە تەشۋىق قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپلەرگە گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەرنى مەكتەپلەرگە قىزىقتۇرۇش مۇددىئاسىغىمۇ يەتكەن.

1937 ـ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغاندا، ئاتۇش باغئېرىقلىق نىياز چوڭ ئىسىملىك ھۆكۈمەت خادىمى ئابدۇلبارىنى تۇتۇش ئۈچۈن بىرقانچە چېرىكنى باشلاپ تۆركۈلگە كېلىپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاققان. ئىنتايىن سەزگۈر ئابدۇلبارى ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۆينىڭ دەرىزىسىدىن باغقا سەكرەپ چۈشۈپ، بېغىنىڭ يەتتە قات ئېگىزلىكتىكى ئەنجان تېمىدىن راۋابنىڭ دەستىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ تېز سەكرەپ چىقىپ كەتكەن. ئۆيدىكىلەر دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەندە نىياز چوڭ ئۆينى ئاختۇرۇپ ئابدۇلبارىنى تاپالمىغان. ئۇ شۇ قاچقانچە مارالبېشى شاقۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر يىل ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. 1939 ـ يىلى مارالبېشىدىكى تۇغقىنى ئابابەكرى ئاخۇن دېگەن كىشى ئابدۇلبارىنى ئېلىپ مۇز داۋان يولى ئارقىلىق غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ غۇلجىغا چىققاندىن كېيىن قەشقەرلىك مۇھەممەت ھاجىم دېگەن كىشىدىن

ئەينەكچىلىك ھۈنرىنى ئۆگەنگەن . 1948 ـ يىلىغىچە ئەينەكچىلىك ھۈنرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. 1948 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 40 يېشىدا غۇلجىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.







ئابلا مۇھەممەت ئىمام
(1997 ـ 1910)

# ئابلا مۇھەممەت ئىمام

ئابلا مۇھەممەت ئىمام 1910-يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتى غۇژمەك مەھەللىسىدە دىنىي ئۆلىما ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق مەزگىللىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئائىلىدە دادىسى مۇھەممەت ئىمامدىن دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىغان. مۇھەممەت ئىمام شۇ دەۋرلەردە بۇيامەت تەۋەسىدە خېلى نوپۇزى بار دىنىي زات بولۇپ، بۇ كىشى قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1920-يىللاردىن باشلاپ بۇيامەت مەدرىسەسىدە مۇدەررىس ۋە بۇيامەت چوڭ جامەسىنىڭ خاتىپلىقىنى قىلىپ يۇرت-جامائەت ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلغان. ئۇ ئوغلى ئابلانى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ، قۇرئان بىلىملىرىدىن قارىيلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن.

1934-يىلى مەتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇئەللىم يېتىشتۇرۇش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغاندا، ئابلا مۇھەممەت ئىمام ھەر خىل توسالغۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇشقا تىزىملاتقان. ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۇرۇش كۇرسى ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردە مۇتەئەسسىپ، يېڭىلىققا قارشى كۈچلەر ۋە پىتنە-پاساتچى موللىلارنىڭ چەتكە

قېقىشى، كىشىلەرنى بۇ ئىشقا قارشى كۈشكۈرتۈشى ۋە ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تەھدىت پەيدا قىلىش ئەھۋاللىرىغا قارىتا، كۇرستا ئوقۇۋاتقان ئابلا، دىنىي جەھەتتىكى تەسىرى خېلى كۈچلۈك بولغان دادىسى مۇھەممەت ئىمامغا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، دادىسىنىڭ تىلى ئارقىلىق باشقا مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىش يوللىرى بىلەن، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقان يېڭى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كۈچ چىقارغان. 1935-يىلى ئاپرېلدىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى بۇيامەت كەنتىدە قىزلار سىنىپى تەسىس قىلغاندا، ئۇ دادىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي سىڭلىسى شەرۋانىخاننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزلار سىنىپىغا ئوقۇشقا بەرگەن. ھەمدە «قىز بالىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ھارام، بۇ بەك چوڭ گۇناھ، قىزلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئايال خانىملار بولۇشى كېرەك، قىز بالىلارنى ئەر ئەپەندىلەرنىڭ تەربىيەلىشىگە بېرىشكە بولمايدۇ ...» دېگەنگە ئوخشاش پەتىۋالارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يېڭىچە مائارىپنىڭ كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىشىغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان جاھىل، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئانىلىرى بولغان قىزلارنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت يېڭى تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قۇۋۋەتلىگەن.





1935-يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئابلا مۇھەممەت ئىمامنى بۆگەن (ئاياغ بۆگەن) باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. بۆگەن كەنتى 5-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق 93 ياشلىق مۇھەممەت ھاجى سايىتنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، 1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشنىڭ ھەرقايسى كەنتلىرىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنى سېلىش ھەرىكىتىنى باشلىغاندا، ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەردىن بۆگەنلىك ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم ۋە نۇرۇللا خەلپىتىملەر كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە بايلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، باش بۆگەندە ئىككى سىنىپلىق، ئاياغ بۆگەندە ئۈچ سىنىپلىق قىلىپ ئىككى ئورۇنغا مەكتەپ سالدۇرغان. 1938-يىلدىن كېيىن باش بۆگەن مەكتەپ ئوڭئېرىق مەكتەپكە، ئاياق بۆگەن مەكتەپ تۆركۆل مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ باش بۆگەندىكى ئوقۇغۇچىلار ئوڭئېرىقتا، ئاياغ بۆگەندىكى ئوقۇغۇچىلار تۆركۆلگە چىقىپ ئوقۇغان. مەكتەپلەر قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئابلا مۇھەممەت ئىمام بۇيامەت مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ، 1941-يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

1941-يىلى يازدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تاشلاپ، يۇرتىدىكى بىر قىسىم سودىگەرلەر بىلەن بىللە ئىلىغا چىقىپ كېتىپ سودا- تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ غۇلجىدىكى تىجارەت ئىشلىرى راۋاج تېپىپ 1943-يىلى غۇلجا شەھىرىگە يېقىن قارا دۆڭدە ئەينەكچىلىك ۋە بوتۇلكا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان زاۋۇت قۇرۇپ، 1952-



ئابلىكىم مامۇت
(1911 - 1973)



يىلىغىچە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نەچچە ئون تېخنىك خادىملار ئىشلەيدىغان، كۆلەملەشكەن زاۋۇت قىلىپ قۇرۇپ چىققان. 1952 - يىلى ھۆكۈمەت بۇ زاۋۇتنى دۆلەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئابلا مۇھەممەت ئىمامنى دۆلەت ئىشتاتى بىلەن مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ 1958 - يىلىغىچە مايتاغدا ئىشچى ۋە بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن.

1958 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئابلا مۇھەممەت ئىمام ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. ئۈچ يىل ئەتراپىدا ئالمۇتادا تىرىكچىلىك قىلغاندىن كېيىن، 1961 - يىلى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ بېشكەك شەھىرىگە كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇ چەت ئەلدە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىككى ئوغلىنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقان. چوڭ ئوغلى ئابدۇشۈكۈر ھازىر بېشكەك ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى شىركىتىدە ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر سالاھىيىتى بىلەن ئىشلەيدىكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئاستىن ئاتۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتكۈل شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئىزچى ئابلا مۇھەممەت ئىمام 1997 - يىلى 87 يېشىدا بېشكەكتە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئابلىكىم مامۇت

ئابلىكىم مامۇت (ئابلىكىم قارىي ھاجى) 1911-يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتى ئۇكچا مەھەللىسىدە مۆتىۋەر دىنىي زات مامۇت قارىي ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مامۇت قارىي ھاجىم شۇ زامانلاردا ئاتۇش تەۋەسىدە خېلى تەسىرى بار ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوغلى ئابلىكىمنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ چىققان. ئۇ 17 ياشقا كىرگەندە قارىيلىقتىن ئۆتۈپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئابلىكىم قارىي ھاجى دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان. قارىيلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ ياردىمىدە داۋاملىق تىرىشىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەن. ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. بىلىمگە ئوتتەك ئىشتىياق باغلاپ، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارزۇسى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە، ئاتۇشتا مەتىلى ئەپەندى قوزغىغان يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، ئابلىكىم قارىي ھاجى 1934-يىلى يازدا ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆتۈلگەن دەرس مەزمۇنلىرىنى پىششىق ئىگىلەش بىلەن بىرگە، مەتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان. 1935-يىلى، مەتىلى

ئەپەندى ئابلىكىم قارىي ھاجىنى شۇ چاغدا ئاغۇدىن كىرىپ كۇرستا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ئابلىز قارىي جامال ۋە ئەيسا ياسىنلار بىلەن بىللە ئاغۇ مازار باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلغان. ئۇ ئاغۇدا بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىشلەپ، 1936 ـ يىلى يازدا مىيى مەكتەپكە يۆتكەلگەن. 1939 ـ يىلىدىن باشلاپ مىيى كەنتىدە تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1943 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىغا يۆتكىلىپ مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1944 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكىلىپ كاتىبات بۆلۈمىدە كاتىپلىق خىزمىتىنى قىلغان.

1946 ـ يىلى قاسىمجان قەمبىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئىلغار ئىدىيەلەر تەشۋىقاتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە ئاتۇشتىكى بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارنى قەشقەر ۋە يەكەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلىرىگە بېرىپ، مائارىپ ـ ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئابلىكىم قارىي ھاجى بۇ تەشەببۇسقا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 1949 ـ يىلىغىچە يەكەننىڭ ئارال يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مائارىپ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1949 ـ يىلى مامۇت قارىي ھاجىمنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ كېتىشى





سەۋەبلىك ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خىزمەتتىن ئايرىلىپ 1953 ـ يىلغىچە بۇيامەت كەنتىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1953 ـ يىلى يازدا غۇلجىغا چىقىپ كېتىپ، غۇلجا شەھىرى تۆپچى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاتۇش بۇيامەتلىك ئۇسەن چەكەدى دېگەن كىشىدىن تۇماقچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ بىر مەزگىل تىرىكچىلىك قىلغان. 1956 ـ يىلى ئائىلىسى ۋە بالىلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. 1957 ـ يىلى باشلانغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە ۋەزىيەتنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئابلىكىم قارىي ھاجى كېچىلەپ يول يۈرۈپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە مۇز داۋان يولى ئارقىلىق يەنە غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. 1962 ـ يىلغىچە تۇماقچىلىق ھۈنىرى بىلەن جاھاندارچىلىق قىلغان.

1962 ـ يىلى چەتكە چىقىپ كېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە ئابلىكىم قارىي ھاجى چېگرادىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان. لېكىن چېگرادىن ئۆتەلمەي، چەتكە قېچىشقا ئۇرۇنغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ 1965 ـ يىلىغىچە كۇنەستىكى قارا بوغرا كانچىلىق رايونى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا جازا مۇددىتى ئۆتىگەن. جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئابلىكىم قارىي ھاجى ئۆيىگە قايتماسلىقنى تەلەپ قىلىپ ئۆزگەرتىش مەيدانى تەشكىلىگە بۇ ئورۇندا داۋاملىق ئىشلەپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى



ئابدۇراخمان ھەسەن
(1909 ـ 1990)



رەھبەرلىكى ئۇنىڭ جازا مۇددىتى ئۆتەش جەريانىدىكى ئىپادىسى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئويغاقلىقى، پىكرىنىڭ ئوچۇقلۇقى، مەسىلىلەرگە قارىتا چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈشى، سەمىمىي، چىقىشقاق ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ ئىشچىسى ئىشتاتى بىلەن ئېلىپ قالغان. 1970 ـ يىلى ئابلىكىم قارىي ھاجىنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى ۋە ئەستايىدىللىقىغا ئاساسەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى رەھبەرلىكى ئۇنى ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا ئۆستۈرگەن ھەمدە ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىگە قويغان. مۆھتەرەم ئىزچى ئابلىكىم ماموت 1973 ـ يىلى 62 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن كۆنەستە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئابدۇراخمان ھەسەن

ئابدۇراخمان ھەسەن 1909 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئىشتارچى كەنتى بوغۇزئالدى مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1920 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە مەھەللىسىدىكى ھوشۇر قارىي دېگەن كىشىدە بىر مەزگىل ئوقۇپ، باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولغان. كېيىن دادىسى ئۇنى تەختىيۇن كەنتىگە ئېلىپ كېلىپ مەشھۇر ئۆلىما سالىھ داموللامغا ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ 1927 ـ يىلىغىچە سالىھ داموللامدىن تەلىم ئېلىپ قارىيلىقتىن ئۆتكەن ۋە ئۇستازىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇستازىنىڭ ئىلغارلىقنى، تەرەققىياتنى ياقلايدىغان، مەزمۇنغا باي شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ۋە يادلاپ، دۇنيا قارىشىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ياشلاردىن مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغاندا، ئابدۇراخمان ھەسەن ئىلغار ياشلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە بۇ كۇرسقا قاتنىشىپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە ئالتە ئاي ئوقۇغان. مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئابدۇراخمان ھەسەننى ئاتۇشنىڭ لەنگەر كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم

قىلغان. 1937 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ساۋاقدىشى ۋە يۇرتدىشى ئابدۇراخمان شائىر بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ، لەنگەر ۋە مېيى تەۋەسىدە غايەت زور مائارىپ قىزغىنلىقى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇ لەنگەردىن ئىشتارچىغا يۆتكىلىپ كېلىپ 1940 ـ يىلىغىچە ئىشتارچى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1940 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە تىجەن شەنلى مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

ئابدۇراخمان ھەسەن 1943 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان. 1944 ـ يىلى يازدا تەشكىلاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يەكەن ناھىيەسىگە بېرىپ ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ياشلارنى تەشكىللەپ ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەخپىي كۆرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغان. 1946 ـ يىلى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەكەندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە كۈچلۈك تەلىپى بىلەن يەكەندە تۇرۇپ قېلىپ، تاكى 1950 ـ يىلىغىچە يەكەننىڭ ئارال يېزىسى تەۋەسىدىكى ياندۇرما مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن، مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ جاپالىق ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن،





جەمئىيەتتە تەسىرى بار بايلار ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، باشقا كەنت مەھەللىلەرگە يېڭى مەكتەپلەرنى قۇرۇش، ئەسلىدە بار بولغان مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1947 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەننىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن ئابدۇراخمان ھەسەن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يەكەندە يېڭىچە مائارىپنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ گۈللەنگەن ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرۇشتە باشلامچىلىق رول ئوينىغان.

1950 ـ يىلى ئابدۇراخمان ھەسەن دادىسىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشى بىلەن يۇرتى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. 1953 ـ يىلىغىچە ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ يىلى يازدا ئاتۇش ناھىيەلىك باج ئىدارىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن ۋە 1958 ـ يىلىغىچە باج ئىدارىسىدە بوغالتىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1958 ـ يىلى «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن «گومىنداڭنىڭ قالدۇق داشقىلى» دەپ تارتىپ چىقىرىلغان ۋە قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان مىننەتسىز تۆھپىسى، خەلقنى ئاقارتىش ۋە ئويغىتىش يولىدا سىڭدۇرگەن ئەجرىنى ھەقىقىي مەنىسىدىن چۈشەنگەن خەلق ئۇنى «موللا راخمان ئەپەندى»

دېگەن نام بىلەن ھۆرمەتلەپ جەمئىيەتنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بەرگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇرتىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئىشلىرىدا يۇرت ئاتىسى سۈپىتىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇپ، جامائەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن. مەرھۇم ئىزچى ئابدۇراخمان ھەسەن 1990 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 81 يېشىدا ئاتۇشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.





# ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەت

ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەت 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ لەڭگەر كەنتى تۆۋەنكارا (شېغىللىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان تاشمۇھەممەت ئابدۇقادىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇروسۇل ئۆسمۈرلۈك يېشىغا يەتكەندە، ئوغلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئەقىللىق، چېچەن چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنگەن تاشمۇھەممەت ئاكا ئۇنىڭ بىلىملىك، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ، تاغ ئاغزى لەڭگەرلىك تۇرداخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىگە ئوقۇشقا بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئائىلىۋى مۇھىت جەھەتتىن تولۇق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئابدۇروسۇلمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن كۈتۈۋاتقان كۈچلۈك ئۈمىدىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۇرداخۇن خەلپىتىمدە ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ مۇئەييەن دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت مىزانلىرى جەھەتتىمۇ مۇكەممەل بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. 1932 ـ يىلى ئاتۇش لەڭگەرلىك مەرىپەتپەرۋەر زات ھېلىم داموللا ھاجىم مەمتىمىن قارىي ھاجى (سوپىزادە) نى ئوڭئېرىقتىن لەڭگەرگە ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى مەبلەغ سېلىپ سالدۇرغان ئىككى

سىنىپلىق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. بىلىمگە ھېرىسمەن ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەت بۇ ياخشى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سوپىزادىدىن دىنىي ۋە پەننىي جەھەتلەردە بىر يىلدىن ئارتۇق تەلىم- تەربىيە ئالغان، شۇنداقلا مەستىمىن سوپىزادىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان.

1934- يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغىغاندا، ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەت ئىلغار ياشلار قاتارىدا ئوقۇشقا تىزىملىتىپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇغان. ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا يۈكسەك قىزغىنلىق ۋە ئىرادە بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كېيىنكى قەدەمدە ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە چىقىشنىڭ ئىدىيە ۋە كەسپىي جەھەتتىكى تەييارلىقلىرىنى پىششىق ھازىرلىغان.

1935- يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۇرۇش كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندە، مەمتىلى ئەپەندى ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەتنى ساۋاقدىشى سادىق مۇسا بىلەن بىللە ئاتۇشنىڭ بۆگەن كەنتىگە (باش بۆگەن) سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. بۆگەن مەكتەپنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى، كېيىن مەشھەتتە قۇرۇلغان روشتى مەكتەپتە ئوقۇپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىۋاستە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان، 40 نەپەر





ئىزچىنىڭ قاتارىدا مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە پەيزاۋات، يېڭىسار، تاشمىلىق، ئوپال ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا، بىر ئاي يېڭى مائارىپ تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشقان 91 ياشلىق ئابلاجان ئاكا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : « مەن شۇ ۋاقىتلاردا 15 ـ 16ياشلاردا ئىدىم. بۆگەن كەنتىدە ئىككى ئورۇنغا (باش بۆگەنگە ئىككى سىنىپلىق، ئاياغ بۆگەنگە ئۈچ سىنىپلىق) مەكتەپ سېلىنغان. باش بۆگەندىكى مەكتەپكە ۋاقىۋاقلىق سادىق ئەپەندى بىلەن لەڭگەرلىك ئابدۇروسۇل ئەپەندى دېگەن ئىككى كىشى مۇئەللىم بولۇپ كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندى سىنىپقا كىرىپ ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ، سادىق ئەپەندىنى مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ھەم مۇئەللىملىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دېگەن ئىدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتىن كېيىن سادىق ئەپەندى كۆكۆلدىكى قىزلار مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كېتىپ، بۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرىغا ئابدۇروسۇل ئەپەندى يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ ئىنتايىن بەستلىك، قاۋۇل كىشى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنىپ قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇروسۇل ئەپەندىنىمۇ شىبىڭ شىسەي ھەپسىگە ئېلىپ يوقىتىۋەتكەن...»

مەرھۇم ئىزچى ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەت نادانلىق ۋە خۇراپاتلىققا جەڭ ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ تارىخىي تەقدىرى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان،

ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىش بەدىلىگە كېيىنكىلەر ئۈچۈن نىجادلىق يولىنى ئىزدىگەن ئىلغار زىيالىيلار قاتارىدا، ئىككى يۈزلىمچى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1937-يىلى 25 يېشىدا تۈرمىدە قەتل قىلىنغان.








# ئابدۇسەمى قارىي ھاجى

ئابدۇسەمى قارىي ھاجى 1911-يىلى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتىدە ھاللىق دېھقان ھاجى غوجى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1923-يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ھاجى غوجىنىڭ ئايالى مەريەمخان شۇ زامانلاردا ۋاقۋاقتا تەسىرى بار بايلارنىڭ بىرى قادىر ھاجىمنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك تەقۋادار ئايال ئىدى، ئۇ ئوغلى ئابدۇسەمى قارىيغا كىچىكىدىن باشلاپ ئەخلاق-يوسۇنلارنى ۋە دەسلەپكى دىنىي ئەقىدە، بىلىملەرنى بىلدۈرۈپ مېڭىشنى چىڭ تۇتقان. ئابدۇسەمى قارىي 12ياشقا كىرگەندە ۋاقۋاقلىق دىنىي زات موللا مۇھەممەت خەلپىتىمگە ئوقۇشقا كىرىپ، بەش يىل دىنىي تەلىم ئېلىپ، قارىيلىقتىن ئۆتكەن.

1934-يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغاندا، ۋاقۋاقتىن قۇۋان شەيخ (قۇربان شەيخ)، ھاجى غوجى، ھەسەن چوڭ قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر يۇرت بايلىرىدىن ئاخۇنباي، قادىر ھاجىم، جىلان ھاجىم قاتارلىقلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ۋاقۋاقتا يېڭىچە مەكتەپ سېلىش پىلانىنى قوللاپ، تاشئاخۇنۇم قورۇسى يېنىغا ئۈچ ئېغىزلىق دەرسخانا، بىر ئېغىز ئىشخانا ۋە بىر ئېغىزلىق ئوقۇتقۇچىلار ياتىقىدىن تەركىب تاپقان يېڭىچە مەكتەپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. ھاجى غوجى ئوغلى ئابدۇسەمى قارىينى ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا



ئەمەت موللا ئەزىز

(1912 ـ 1937)



ئوقۇشقا بەرگەن. ئابدۇسەمەى قارىي بۇ كۇرستا ئوقۇش مەزگىلىدە كۈندىلىك دەرسلەرنى پىششىق ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى ۋە ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدە كۈچلۈك بىر شىجائەت ۋە ئېتىقادنى يېتىلدۈرگەن. مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئابدۇسەمەى قارىي ھاجىنى بۆگەن (ئاياغ بۆگەن) باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى بۆگەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى، ھازىر بۆگەن كەنت 5 ـ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق 93 ياشلىق تەۋەررۇك بوۋاي مۇھەممەت ھاجى سايىت ئۇستازى ئابدۇسەمەى قارى ھاجىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «ئابدۇسەمەى ئەپەندى ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق كەلگەن كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ناھايىتى پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان، سۈرى بار مۇئەللىم ئىدى. ئۇ بىزگە ئانا تىل، تارىخ ۋە تەنتەربىيە دەرسلىرىنى بېرەتتى. خەتنى ناھايىتى چىرايلىق يازاتتى، ئابدۇسەمەى ئەپەندىنى مەمتىلى ئەپەندىدىن كېيىن شېڭ(شېڭ شىسەي)نىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ كېتىپ يوقىتىۋەتكەن...».

ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تارىخي تەقدىرى ئۈچۈن ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك ئەمگەكنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان، تالاي ئارزۇ ـ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەنزىل تامان ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ بارغان جاسارەتلىك ئىزچى ئابدۇسەمەى قارىي ھاجى 1937 ـ يىلى كۈزدە جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 26 يېشىدا قەتل قىلىنغان.

# ئەمەت موللا ئەزىز

ئەمەت موللا ئەزىز (ئەمەت مەخسۇم) 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتى ئۇلۇغ هويلا مەهەللىسىدە ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات موللا ئەزىز داموللام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. موللا ئەزىز داموللام 1900 ـ يىلىدىن 1910 ـ يىلىغىچە بۇخارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئون يىل ئىلىم تەهسىل قىلغان ئىلغار ئاڭغا ئىگە تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما كىشى بولۇپ، 1918 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق ۋە تىجەن كەنتلىرىدىكى مەدرىسىلەردە مۇدەررىس ۋە شەرئى مەهكىمىسىدە قازى بولۇپ ئۆتكەن، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىققا مەردانىلارچە جەڭ ئېلان قىلالىغان، ئۆز زامانىسىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر كىشىسى ئىدى. ئۇ ئوڭئېرىق كەنتىدە موللا تۇردى هاجىم سالدۇرغان مەكتەپتە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، ئوڭئېرىق يولىدا «قىزىل پاچچىم» دەپ ئاتالغان يۇلغۇنلۇق دۆڭ بولۇپ، تۇغمىغان ئاياللارنىڭ يۇلغۇن شاخلىرىغا لاتىلارنى چىگىپ بالا تەلەپ قىلىشتەك خۇراپىي ئادەتلىرىنى كۆرۈپ، مەدرىسىدىكى بالىلارغا كەكە، پالتا ئەكەلدۈرۈپ يۇلغۇن شاخلىرىنى تەلتۆكۈس كەستۈرۈپ دۆڭلۈكنى تۈزلەتتۈەتكەن. ئۇ تالىپلىرىغا خىتاب قىلىپ: «بىز بۈگۈن بەك ئۇلۇغ ئىش قىلدۇق، ئاتۇشتىكى نادان خەلقنى بۇتقا

چوقۇنۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق» دېگەن.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيەدىن بىللە كەلگەن مەجىدىن ئەپەندى قاتارلىق بىرقانچە كىشى بىلەن ئاتۇشتا قېلىش ياكى تۈركىيەگە قايتىپ كېتىش مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان كۈنلەردە، موللا ئەزىز داموللام مەمتىلى ئەپەندىگە نەسىھەت قىلىپ: «مەن مۇشۇ دەملىك بولغىچە تالاي ئىشلارنى، بىر نەچچە ھۆكۈمەتنى، نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى باشتىن كۆچۈردۈم. شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، خەلق نادان، ئىتتىپاقسىز بولسا مىللەت روناق تاپمايدىكەن. خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش لازىم» دەپ ئۇنى ئاتۇشتا قېلىپ قېلىشقا دەۋەت قىلغان.

موللا ئەزىز داموللام ئوغلى ئەمەت مەخسۇمنىڭ بىلىملىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ئىمان - ئېتىقادى كۈچلۈك چوڭ بولۇشىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزى بىۋاستە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش يولىدا كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئاتۇشتىكى بىر بۆلۈك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە بولغان توسقۇنلۇقلىرى جاھىل كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىگە باشتىن - ئاخىر قارشى كۈرەش قىلغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى بۇرۇنراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك مەسلىھەتلەرنى بېرىپ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇنى





قوللىغان. 1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئوڭئېرىقتا مۇئەللىملەرنى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچقاندا ئۇ ئوغلى ئەمەت مەخسۇمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇشقا بەرگەن. كۇرس تاماملانغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئەمەت مەخسۇمنى ئاتۇشنىڭ تەختىيۇن كەنتىگە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەقسىم قىلغان.

1935 - يىلى 4 - ئايدا مەمتىلى ئەپەندى مەشھەد كەنتىدە «روشتى مەكتەپ» دەپ ئاتالغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن 80 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. بۇ ئوقۇغۇچىلار يېشى بىر قەدەر چوڭراق، ساز چالالايدىغان، تەنتەربىيە ماھىرلىرى، ناخشىچىلار، چاققان، كۈچلۈك چامباشچىلار، ئەقىل - پاراستى ئالاھىدە بولغان باللاردىن بولۇپ، بۇلار ھەم روشتى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ھەم جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلايدىغان قوشۇن ئىدى. روشتى مەكتەپ دەرس باشلىغاندا مەمتىلى ئەپەندى ئەمەت مەخسۇمنى تەختىيۇن باشلانغۇچ مەكتەپتىن روشتى مەكتەپكە يۆتكەپ ئەكەلگەن. ئۇ روشتى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ئىملا - قىرائەت، ھېبىزى - سىھھەت (ساغلاملىق) دەرسلىرىنى ئۆتۈپ ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن. 1937 - يىلى ماي ئېيىدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن،



ئەيسا ياسىن
(1968 ـ 1907)



ئەمەت مەخسۇم روشتى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇستازىنىڭ ئورنىدا ئىگە بولۇپ، ئەلەملىك قايغۇنى زور كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مەمتىلى ئەپەندى قان ـ تەرىنى سەرپ قىلىپ تەشكىللىگەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيەلىنىش يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىگەن.

1937 ـ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا ئىلغار زىيالىيلارنى باستۇرۇش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش جىنايەتلىك ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغاندا، ئەمەت مەخسۇم دادىسى موللا ئەزىز داموللام بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىگۇناھ كىشىلەر قاتارىدا تۈرمىگە تاشلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلگەن. مەرھۇم ئىزچى ئەمەت موللا ئەزىز شۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن ئىدى.

# ئەيسا ياسىن

ئەيسا ياسىن 1907-يىلى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسى ئارامەھەللە كەنتى سۆگەتلىك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1920-يىلغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1924-يىلغىچە ئاغۇ يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ دىنىي تەلىم ئالغان. 1925-يىلى جاھاندارچىلىق ئىشى بىلەن غۇلجىغا چىقىپ، دادىسى ياسىن ئاخۇننىڭ تاغىسى ئىمىن ھاجىم ۋە مەتقۇناجىم دېگەن كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىشلىگەن. ئىمىن ھاجىم ۋە مەتقۇناجىملار ئەينى يىللاردا ئاتۇشتىن ئىلىغا چىقىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، غۇلجا تۆت دۇكاندا تېرە زاۋۇتى قۇرغان بايلاردىن بولۇپ، ئەيسا ياسىن بىر مەزگىل ئىمىن ھاجىمنىڭ رىكشىسىنى ھەيدىگەن. كېيىن1927-يىلىدىن 1930-يىلغىچە ئىمىن ھاجىمنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا ياردەملەشكەن. 1930-يىلى يازدا يۇرتى ئاتۇش ئاغۇغا قايتىپ كېلىپ يەر-زېمىن ئېچىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، يۇرتدىشى ئابلىز

قارىي جامال بىلەن بىللە ئاتۇشقا كىرىپ ئوقۇشقا تىزىملاتقان ۋە ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئابلىز قارىي جامال بىلەن ئاغۇدا قۇرۇلغان مازار مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1938 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپتە ئابلىز قارىي جامال مەكتەپ مۇدىرى، ئەيسا ياسىن ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1938 ـ يىلى ئابلىز قارىي جامال خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئەيسا ياسىن 1941 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مازار مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1941 ـ يىلى ئاتۇش شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ كىرگەن. ئەيسا ياسىن 1943 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن مەزگىللەردە ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا خىزمەتكە بېرىلىپ ئىشلەپ، ئاتۇش مائارىپى، ئومۇمەن ئۇيغۇر پەننىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن. 1943 ـ يىلى يەنە ئاغۇ مازار مەكتەپكە يۆتكىلىپ چىقىپ كەتكەن. چۈنكى بۇ مەزگىللەردە ئاغۇ يېزىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى سانى كېمىيىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا چېكىنىش ئەهۋاللىرى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئەيسا ياسىن بۇ ئەهۋاللارغا قارىتا دەرهال تەدبىر قوللىنىش زۆرۈر دەپ قاراپ، ئۆز






يۇرتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا چەكسىز مەسئۇل بولۇش ھېسسىياتى بىلەن 1949 ـ يىلىغىچە ئاغۇ مەكتەپتە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن.

ئەيسا ياسىن 1949 ـ يىلى مائارىپ خىزمىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدىن ئايرىلىپ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاتۇش ناھىيەلىك باج ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، 1950 ـ يىلىغىچە باج ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاتۇش ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كىرگەن. بۇ ئورۇندا تاكى 1962 ـ يىلىغىچە ئاشلىق ئامبىرىدا پونكىت باشلىقى ۋە ئىسكىلاتنىڭ ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1961 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، «1960 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاتۇشتىن زىغىر يۆتكىگەندە، توختامدىكى ئۆلچەمدىن ئارتۇق يۆتكەشكە سەۋەبچى بولغان» دېگەن باھانە بىلەن ئەيسا ياسىن خىزمەتتىن توختىتىلغان. 1962 ـ يىلى بۇ مەسىلە ئېنىقلىنىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەيسا ياسىن تەشكىلگە خىزمەتتىن چېكىنىش ئىلتىماسى سۇنغانلىقى ئۈچۈن تەشكىل مۇزاكىرىلىشىپ، 1963 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن: «... شەرەپ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە قايتتى» دېگەن ھۆججەت چۈشۈرۈلۈپ خىزمەتتىن بوشىتىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەيسا ياسىن ئاغۇدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1968-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.





بەدىردىن ئابدۇجېلىل
(2005 - 1910)

# بەدرىدىن ئابدۇجېلىل

بەدرىدىن ئابدۇجېلىل 1910-يىلى ئاتۇشنىڭ بۆگەن كەنتى كۆلبېشى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بەدرىدىننىڭ دادىسى ئابدۇجېلىل خەلپىتىم مۆئەييەن دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە كىشى بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش سەۋىيەسىگە ئىگە كىشى ئىدى. بەدرىدىن بالىلىق مەزگىللىرىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن دىنىي تەلىم-تەربىيەدىن دەسلەپكى مەلۇماتلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ تاغىسى ئىسلامئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قولىدا ئوقۇپ، پۇختا دىنىي بىلىم ئالغان ۋە تاغىسىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان. 1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى تىزىملاشنى باشلىغاندا، بەدرىدىن تاغىسى ۋە ئۇستازى ئىسلامئاخۇن خەلپىتىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئوقۇشقا تىزىملىتىپ ئوڭئېرىقتا ئالتە ئاي ئوقۇغان. ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن، شورۇق كەنتىدىكى قەدىمجاي باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ئۈچ يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ

قىلىپ، نادانلىق، قالاقلىق ۋە كەمبەغەللىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ ياتقان مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىغا بىلىم بېرىش ۋە ئىلغار ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئويغىنىشقا ، بىلىم ئىگىلەشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە قادىر بولۇشقا چاقىرغان. 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شېڭ شىسەي ئاتالمىش «سوۋېتقەست دېلوسى» پەيدا قىلىپ زىيالىيلارغا قارىتا تازىلاش ئېلىپ بارغاندا، تاغىسى ئىسلامئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قولغا ئېلىنىپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بەدىرىدىننىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئۆزگىرىش بولغان.

ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم تەخمىنەن 1895 ـ يىلى بۆگەنلىك داڭلىق ئۆلىما موللا ھاجى موللامىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇراخمان غوجا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئابدۇراخمان غوجىنىڭ ئابدۇجېلىل، موللا ھاجى، ئابدۇرېھىم، يۇسۇپ ئاخۇن، ئىسلامئاخۇن، خېلىل ئاخۇن قاتارلىق ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئوغۇللىرىنى ئەينى يىللاردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇتۇپ، بىلىملىك ئادەملەردىن قىلىپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدە ئىسلامئاخۇن بىر قەدەر شوخ، زېرەك بالا بولۇپ، بىلىمگە ھېرىسمەن بولغاچقا دادىسى ئۇنى 1910 ـ يىلى ئاتۇش تۆركۈللۈك مەشھۇر ئۆلىما شەمشىدىن داموللامغا ئوقۇشقا بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلامئاخۇن بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ (ئىسلامئاخۇننىڭ ئانىسى لەيلىخان تۆركۈللۈك ئايال ئىدى)





شەمشىدىن داموللامدا سەككىز يىل ئوقۇپ مۇكەممەل دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان. شەمشىدىن داموللامنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭ جىسمىدا مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىختىيارسىز ئويلايدىغان، قالاقلىق ۋە نادانلىقتىن قانداق قۇتۇلۇش توغرىسىدا باش قاتۇرىدىغان تەڭداشسىز روھى شەكىللەنگەن. 1919 ـ يىلى ئىسلامئاخۇن تۆركۈللۈك مەشھۇر زات قازى رەئىس ھاجىمنىڭ قىزى قەمەرخېنىم بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغان. 1920 ـ يىلى شەمشىدىن داموللام مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە كىرىپ مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، شەمشىدىن داموللامنىڭ كۆرسىتىشى، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشى ۋە كۈچلۈك تەلپى بىلەن ئىسلامئاخۇن تۆركۈل ئازنا مەسچىتىنىڭ خاتىپلىقى ۋە تۆركۈلدىكى مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ «ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم» دېگەن نام بىلەن جەمئىيەتكە تونۇلۇشقا باشلىغان.

مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيەدىن قايتىپ كېلىپ 1934 ـ يىلى ئاستىن ئاتۇشتا مىللەتنى ئاقارتىش يولىدىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قوزغاشنى پىلانلىغان. ئۇ ئىش باشلاشتىن بۇرۇن، ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىشنى قوللايدىغان نوپۇزلۇق كىشىلەرنى، ئابرۇيلۇق يۇرت چوڭلىرىنى، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ يېڭى

مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ۋە مىللەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر بايلارنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆز پىلانىنى يولغا قويۇشنىڭ شارائىتىنى هازىرلىغان. بۇ جەرياندا مەمتىلى ئەپەندى جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە، تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم بىلەن تونۇشقان ۋە چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئىسلامئاخۇن خەلپىتىممۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتنىڭ ئاخىرى يېتىپ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپ هەرىكىتىنى قوللىغان. ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم هەر قايسى كەنتلەردىكى تەسىرى بار كىشىلەر ۋە مەكتەپ قۇرۇش هەيئىتىدىكىلەر بىلەن ئىدىيە بىرلىكى شەكىللەندۇرۇپ، جۈمە نامىزى ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىدا، مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان يېڭى مائارىپ هەرىكىتىنىڭ ماهىيىتى ۋە مەقسىتىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا چۈشەندۈرۈپ، بۇ بۈيۈك هەرىكەتنى يولغا قويۇشتىكى كەڭ دائىرىلىك جامائەت پىكرى تەييارلاشتا ئالاهىدە رول ئوينىغان. بىر قىسىم جاهىل، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يېڭى مائارىپ هەرىكىتىگە قارىتا قوللىماسلىق، قارشىلىشىش ۋە هەر خىل ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ توسقۇنلۇق قىلىش هەرىكەتلىرىگە قارىتا، مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارغا نەسىهەت قىلىپ، ئىلغارلىققا، يېڭىلىققا ۋە ئىلمىي مەنتىقىگە





ئۈيغۇن بولغان تەشۋىقاتلىرىغا تايىنىپ، ئۇلارنى قوللاش تەرەپدارلىرى سېپىگە باشلاپ كىرگەن. بۇ خىل تەشۋىقىي تەربىيە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن جاهىل كۈچلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ كۈرەش قىلىپ ئۆزىنىڭ باتۇر، قورقماس روهى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن شارائىت هازىرلاش يولىدا توختاۋسىز كۈرەش قىلغان. بىر تەرەپتىن، مۇئەللىملەرنى جىددىي يېتىشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن، هەر قايسى كەنتلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ هەرىكەت قىلىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندىنى هەقىقىي مەنىدىن قوللىغان ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم هەر كۈنى مەمتىلى ئەپەندىگە ياردەملىشىپ كەنتلەرنى ئارىلاپ، مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئەهۋاللىرىنى بىرلىكتە كۆزىتىش بىلەن بىللە مەمتىلى ئەپەندىگە ئەڭ يېقىن مەسلىهەتچى بولۇپ، نۇرغۇن ئىشلاردا سەمىمىي مەسلىهەتلەرنى بېرىپ، بۇ مىسلىسىز مائارىپ دولقۇنىنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشى، تولۇق ئىزچىللىشىشى ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلغان.

1935-يىلى يانۋاردا هەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ، مۇئەللىملەر مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپ ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلانغان. شۇ يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشتا «مائارىپ ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، مەمتىلى ئەپەندى ۋە باشقىلارنىڭ بىردەك قوللاپ كۆرسىتىشى بىلەن ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇ رەئىسلىك

ۋەزىيىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن بارلىقىنى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە ئاتاپ، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن بۇ يېڭى شەيئىنىڭ راۋاجلىنىشى، تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى، چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى، شۇنداقلا پۈتكۈل شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ ئىشلىگەن. ئەقىلغا مۇۋاپىق قائىدە-تەرتىپلەرنى ئورنىتىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. مانا مۇشۇنداق قابىل يېتەكچى ۋە سەمىمىي ياردەمچىسىنىڭ بولغانلىقىدىن خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ھاسىل قىلغان مەمتىلى ئەپەندى، كېيىنكى قەدەمدە ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرى ئۈستىدە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن تەپەككۇر يۈرگۈزۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

1937-يىلى مەمتىلى ئەپەندى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ پاجىئەدىن ئاچچىق ھەسرەت يۇتقان ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان بۇ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يىرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈشكە بەل باغلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي شىڭ شىسەينىڭ زەھەرلىك قولى بۇ شىر سۈپەت ئەزىمەتنىڭ بويىنىغا سوزۇلغان. يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن بېشارەت ئالغان بىر قىسىم دەۋرداشلىرى ئاتنى توقۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :





«ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالايلى» دېگەن تەكلىپىنى بەرگەندە، ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم ئەركەكلەرگە خاس جاسارىتى بىلەن : «ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، بىز نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى باشلىدۇق؟ ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالىمىز؟ ئۆزىمىز باشلىغان بۇ ئىشنى تاشلاپ قاچساق بولمايدۇ. بۇنى ئاللاھمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ھامىنى بىر ئۆلۈم ، مەن ئاخىرقى تىنىقىمغىچە بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرىمەن...» دەپ خىتاب قىلىپ قېچىشنى كەسكىن رەت قىلغان.

دېمەك، رۇستەم سۈپەت بۇ ئەزىمەت ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتى بىلەن يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ۋەزنىنى ۋە قىممىتىنى دەڭسەپ كۆرەلىگەن. بۇ خىل روھ پەقەت مىللەت ئىچىدىن چىققان ئاز ساندىكى باھادىر ئەزىمەتلەردىلا كۆرۈلىدىغان تەڭداشسىز ئېتىقاد ۋە ئەركەكلەرچە جاسارەت، خالاس. ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم 1937-يىلى 7-ئايدا شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، شۇ تۇتۇپ كېتىلگەنچە ھېچقانداق ئىز- دېرىكى بولمىغان.

ئىسلماخۇن خەلپىتىمنىڭ ئىچىنىشلىق ئاخىرلاشقان ھاياتىدىن ئېغىر قايغۇغا چۆمگەن ۋە قاتتىق چۆچۈگەن بىر تۇغقانلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان. بولۇپمۇ ئىنىسىنىڭ پاجىئەسىدىن كېيىن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە سۈيىقەستكە تولغان جەمئىيەتكە قاتتىق غەزەپلەنگەن ئابدۇجېلىل خەلپىتىم شورۇق مەكتەپتە



تۇرداخۇن شەيخ

(1943 ـ 1912)



ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئوغلى بەردىننى «قوي بۇنداق خىزمەتنىڭنى» دەپ 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ خىزمەتتىن توختىتىۋېلىپ، ئۇنىڭ قايتىلاپ بۇ خىزمەت ـــ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي رۇخسەت قىلمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بەردىن ئەپەندى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1940 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ دادىسى ۋە باشقا بىر تۇغقانلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 ـ يىللىردىن كېيىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا چەك قويۇلغان مەزگىللەردە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 ـ يىلىدىن كېيىن قايتىدىن سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا كىرىشىپ هايات پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. كېيىنكى ئۆمرىدە ئۇ بۆگەن كۆلبېشى مەھەللە مەسچىتى ۋە بۆگەن توقاي مەسچىتلىرىنىڭ خاتىپلىقىنى ئۆتەپ جامائەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بەردىن ئابدۇجېلىل 2005 ـ يىلى 95 يېشىدا بۆگەندە ۋاپات بولغان.

# تۇرداخۇن شەيخ

تۇرداخۇن شەيخ 1912-يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنت قاراڭغۇلۇق مەھەللىسىدە شاۋۇدۇن شەيخ ئىسىملىك ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. تۇرداخۇننى كىچىكىدىن باشلاپ بوۋىسى شەيخ قۇربان دېگەن كىشى بېقىپ چوڭ قىلغان بولۇپ، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. شەيخ قۇربان ئەسلىي مەشھۇر شالىلىق كىشى بولۇپ، ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بوياقچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، قىزىقىشى كۆپ، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ بوياقچىلىق ھۈنىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بوياقچىلىق دۇكانلىرىنى كېڭەيتىپ بازار ئىگىلەش مەقسىتىدە، شالىدىن سۇنتاغدىكى قاراڭغۇلۇق (ھازىرقى ئوي) مەھەللىسىگە كەڭرى قورو-جاي ۋە دۇكانلارنى سېلىپ بۇ ئورۇنغا كۆچۈپ كەلگەن. تۇرداخۇن كىچىكىدىن باشلاپ بوۋىسىنىڭ ھۈنەرگە پىششىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، كۆپ ئىشلارغا قىزىقىدىغان بالا بولۇپ ئۆسكەن. ئۇ 14 ياشلارغا كىرگەندە بوۋىسى ئۇنى مەشھەدتىكى سۇلتانىيە مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا بەرگەن. مەدرىسەدە ئەمەت داموللام

قاتارلىق مۇدەررىسلەردىن تەلىم ئېلىپ ناھايىتى تېزلا ئۇستازلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

1932 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇرداخۇن شەيخ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ھەر خىل رەڭدە بويالغان ماتا، چەكمەنلەرنى قەشقەر، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ ھەر قايسى جايلاردىكى ئىلغار پىكىرلىك ياشلار بىلەن تونۇشۇپ ، ئالاقە باغلاپ مۇناسىۋەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. 1933 ـ يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى تاللاشنى باشلىغاندا، تۇرداخۇن شەيخ ئىلغار ياشلار قاتارىدا ئوقۇشقا كىرىپ، ئوڭشېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى تۇرداخۇن شەيخنى ئاتۇشنىڭ مىيى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. مىيى مەكتەپتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئىشلەپ، 1937 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئازاق كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە





يۆتكىلىپ كەلگەن. سۇنتاغ كەنتىنىڭ ئوي مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 91 ياشلىق رىھىم مۇسا بوۋاينىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، تۇرداخۇن شەيخ تەسەۋۋۇرغا باي، قولى ئەپلىك ئادەم بولۇپ، 1936 ـ يىلى قەشقەر قىزىل دەريا بويىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن بايراملىق پائالىيەتكە ياغاچتىن ۋېلىسىپىت ياساپ كىرىپ، ئۇنى مىنىپ مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىپ پائالىيەتكە قاتناشقان نەچچە مىڭلىغان ئاممىنى ھەيران قالدۇرغان. 1938 ـ يىلى يازدا ئازاق ۋە ئىشتارچىدىكى مەكتەپلەرنى يىغىپ تىجەندە «شەنلى مەكتەپ» قۇرۇلغاندا، تىجەنگە كېلىپ 1941 ـ يىلىغىچە شەنلى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى مەخپىي تەشۋىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، زۇلۇمغا قارشى ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمىغان.

1941 ـ يىلى تۇرداخۇن شەيخ قولغا ئېلىنىپ، 1943 ـ يىلىغىچە قەشقەر تۈرمىسىگە تاشلىنىپ ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار بولغان. 1943 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنىلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، نەچچە يۈزلىگەن ياش پىدائىيلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، كەڭ ئاممىنى زۇلۇمغا قارشى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلىدىغان تەشۋىقات

پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى «ئاتۇش ياشلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەت پىلانى»نى ئېلىپ ئىلگىرى قاراپ يولغا چىققان. ئاقسۇغا بارغاندا بەختكە قارشى گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ تۇتۇپ كېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن سولماس ئىرادىلىك قەھرىمان ئىزچى تۇرداخۇن شەيخنىڭ ھېچ قانداق ئىز ـ دېرىكى بولمىغان.







روزى كېرىم
(1986 ـ 1913)

# روزى كېرىم

روزى كېرىم 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتى ماشىنچى مەھەللىسىدە كېرىم يۇسۇپ ئىسىملىك ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. روزى كېرىم 1925 ـ يىلى 12 يېشىدا ۋاقۋاقنىڭ ئايىغىدىكى بەلۇن دەنا مازىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئازنا مەسچىتىنىڭ خانىقاسىدا كېچىكىزلىك توپا خەلپىتىم دېگەن كىشىدىن دىنىي تەلىم ئالغان. توپا خەلپىتىم ئەينى يىللاردا 30 ـ 40 قا يېقىن بالىنى يىغىپ دىنىي قائىدىلەر، تىل (ئاساسلىقى ئەرەب تىلى)، ھېساب (كەررە يادلىتىش، 1 دىن 1000 گىچە بولغان سانلارنى قوشۇش، ئېلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشنى ئاساس قىلغان) قاتارلىق ئىلىملەردە تەلىم بەرگەن. بۇ بىر سىنىپلىق مەدرىسە 1928 ـ يىلىغىچە داۋاملىشىپ تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاقىلىپ قالغان. كېيىن ۋاقۋاقلىق جىلان ھاجىم ۋە شەيخ ھاجىم ئاكا ـ ئۇكا مەرىپەتپەرۋەر بايلار تۆركۆللۇك مەشھۇر زات قازى رەئىس ھاجىم (قادىر ئەيسا ھاجىم) دىن ھاجى ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنى سوراپ ۋاقۋاققا ئېلىپ چىققان. ئۇلار ۋاقۋاقتىكى ساغان مەھەللىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سالدۇرۇپ، ھاجى ئاخۇن خەلپىتىمنى مۇدەررىسلىككە قويغان. ھاجى ئاخۇن خەلپىتىم مەرىپەتپەرۋەر باي موللا تۇردى ھاجىم سالدۇرغان ئوڭئېرىقتىكى خانىقا مەدرىسەدە

تىجەنلىك موللا ئىبزىز دامولللامدا ئوقۇغان، پىكرى ئوچۇق، ئىدىيەسى ئىلغار، ئىستىبداتى يۇقىرى ئۆلىماالاردىن ئىدى. روزى كېرىم 1931 - يىلغىچە ئۈچ يىل ھاجى ئاخۇن خەلپىتىمدىن دىنىي تەلىم ئالغان. قوشۇمچە «سوپى ئاللايار»، «پەننامە»، تىل، ھېساب دەرسلىرىدىن دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە بولغان. ھاجى ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ دىن بىلەن بىرگە يەنە پەنگە ئائىت بىلىملەرنى قوشۇمچە ئۆگىتىشتەك بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تالىپلار (ئوقۇغۇچىلار) ۋە نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ ھەر خىل يوللار بىلەن پىتنە - پاسات تېرىپ بۆھتان چاپلاشلىرى بىلەن ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھاجى ئاخۇن خەلپىتىم 1931 - يىلى ئامالسىز ئوقۇتۇشنى تاشلاپ ۋاقىتسىز كېتىشكە مەجبۇر بولغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھاجى ئاخۇن خەلپىتىم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان. ئۇ 1943 - يىلغىچە تۆركۆل باشلانغۇچ مەكتەپتە دىن دەرسى ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان، 1943 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. غۇلجا شەھەر قارادۆڭ يېزا تۇپچى مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ، دىنىي تەلىم - تەربىيە ۋە مەھەللە مەسچىتىنىڭ خاتىپلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. 1973 - يىلى 81 يېشىدا غۇلجىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.





1931 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روزى كېرىم ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن مارالبېشى تۇمشۇقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۇغقىنى ھېيىت شاڭزۇڭ (سودىگەرلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى) دېگەن كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇمشۇقتا تۇرۇپ قالغان. ھېيىت شاڭزۇڭ روزى كېرىمنىڭ تاغىسى (دادىسىنىڭ ئاكىسى) ئىدى، بۇ كىشى ئەينى يىللاردا قەشقەردە قۇرۇلغان «ئىتتىپاق» شىركىتىنىڭ سودا ۋەكىلى بولۇپ، تۇمشۇقتىكى بايلار بىلەن بىرلىشىپ «سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. ئۇ تۇمشۇق، شاقۇ، پىچاقسۇندى قاتارلىق جايلاردىن يۇڭ، تېرە، ئۆچكە دېگەندەك ماللارنى يىغىپ ئىتتىپاق شىركىتىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. ھېيىت شاڭزۇڭ جىيەن ئوغلى روزى كېرىمنىڭ چاققان، ئەقىللىق چوڭ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ سودا - تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكۈزۈش ئويى بارلىقىنى ئېيتقان. روزى كېرىم ئاتا - ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن تۇمشۇقتا قېلىپ، تاغىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1933 - يىلى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ تۇمشۇققا كەلگەندە ئۆيمۇ - ئۆي باستۇرۇپ كىرىپ، مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنى قويماي بۇلاپ - تالاپ ئېغىر قىرغىنچىلىق ۋە

پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغان. شۇ قېتىمقى بۇلاڭ ـ تالاڭدا ھېيت شاڭزۇڭنىڭ پۈتۈن مال ـ دۇنياسى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قويماي دېگۈدەك بۇلاپ كېتىلگەن. بۇ ئازابقا چىدىمىغان ھېيت شاڭزۇڭ ئاچچىق يۇتۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ۋە تۆت ـ بەش ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. تاغىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن روزى كېرىم قولىدىكى ھېساباتنى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئوڭئېرىقتا قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش ئۈچۈن ئىلغار ياشلارنى تىزىملاشقا باشلىغاندا روزى كېرىممۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇشقا تىزىملاتقان. كۇرستا ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئىزچى ساۋاقداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە ئىتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. بىر قېتىم مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارنىڭ كىيىملىرى (ئىزچىلار فورمىسى) نى كۆرۈپ بېقىش ۋە پۈتكەن كىيىملەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ۋاقىۋاقلىق داڭلىق تىككۈچى ئابدۇراخمان ئۇستام (تولۇق ئىسمى ئابدۇراخمان ھاۋاز. بۇ كىشى شۇ دەۋردە ئاتۇشتىكى داڭلىق كىيىم تىكىش، لاھىيەلەش ئۇستىسى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان





ئىزچىلىرىغا ئاتۇشنىڭ تۆتلىك ماتاسىدىن بىر خىل پاسوندا كىيىم ‹فورما› تىكىپ تەييارلاش ئىشىنى ئاب، ۇراخمان ئۇستامغا تاپشۇرغان. ئابدۇراخمان ئۇستام ئىزچى روزى كېرىمنىڭ ئايالى مەسۇدىخاننىڭ ئاكىسى ئىدى) نىڭ قېشىغا كېلىپ، كىيىملەرنى ئۆتكۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان ئۇستامنى باشلاپ روزى كېرىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كىرگەن. پاراڭ ئارىلىقىدا مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا، ئوغلىنىڭ كۇرستا تىرىشىپ ياخشى ئوقۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا، مەمتىلى ئەپەندى روزى كېرىم بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ ئۇنىڭغا : «بىز بۇ ئۇلۇغ ئىشنى ئوڭئېرىقتىن باشلىدۇق، ئوڭئېرىق خاسىيەتلىك ئورۇنغا ئايلاندى، سەن مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ بۇ ئورۇندا ئىشلىگىن» دېگەن. 1935 ـ يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى روزى كېرىمنى ئوڭئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، مىللەت ۋە ئەۋلاد ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن «ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن» دېگەن تەڭداشسىز بىر روھىي كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە بالىلارغا يۈزلىنىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى

ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ئەھۋالىنى دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە كىرىشكەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كەنتتە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاتا-ئانىلارغا بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىش، ئۆزلىرىنىڭمۇ ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسلىرىغا قاتنىشىش، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرغان. كەچ كۇرسلاردا تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كەنتتىكى ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىگەن. مانا شۇنداق ھارماس ئىرادە بىلەن 1939-يىلىغىچە ئوڭئېرىق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچى-شاگىرتلىرى ۋە ئوڭئېرىق خەلقى ئارىسىدا ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرغان. ئوڭئېرىق كەنتىدە ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىدىن موللا قۇربان ئاكا، ئېلى ھاجىم ۋە ھوشۇرخان ھاجىم قاتارلىقلار ئۇستازى روزى كېرىمنىڭ ئۆزلىرىگە ئانا تىل، تارىخ قاتارلىق دەرسلەرنى بەرگىنىنى، خەتنى بەك چىرايلىق يازىدىغىنىنى، ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇلايىم، چىقىشقاقلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا بالىلارنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىپ قويۇپ، بالىلارغا پاكىز، رەتلىك يۈرۈشنى كۆپ تەكىتلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ بەك رەتلىك كىيىنىپ پاكىز يۈرىدىغانلىقىنى سۆيۈنۈش بىلەن ئەسلەپ كۆزلىرىگە





ياش ئالىدۇ.

1939-يىلى روزى كېرىم ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ بىلىم تەشنالىقىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش مەقسىتىدە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1940-يىلىغىچە بىر يىل ئوقۇپ بىلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتكەن ۋە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن. 1940-يىلى ئوقۇشىنى پۈتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ مەزگىلدە ۋاقىۋاق مەكتەپ ۋە سۇنتاغدىكى قىزلار مەكتىپىمۇ تۆركۈل مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان (شۇ ۋاقىتلاردا سۇنتاغدىكى ئوغۇللار سىنىپى تۆركۈل مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ، قىزلار سىنىپى سۇنتاغنىڭ ئۆزىدە قالدۇرۇلغان). روزى كېرىم 1947-يىلىغىچە بۇ مەكتەپنىڭ كەسپىي، مەمۇرىي ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇئەللىملەرنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش، كەسپىي ئۆگىنىش قىلىش، ئايدا بىر قېتىم ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىشتەك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەكتەپنىڭ تەلىم-تەربىيە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بايلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ مەكتەپنىڭ تۇرلۇك ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ،

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبلىك مەكتەپ ئىشلىرىغا تەسىر يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

1947 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەت روزى كېرىمنى ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە يۆتكەپ ئىشلەتكەن. 1950 ـ يىلىغىچە ئۇ ساقچى ئىدارىسى تېرگاۋ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قورال ـ ياراق ئىسكىلاتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك خەلق بانكىسىغا يۆتكىلىپ تاكى 1958 ـ يىلىغىچە پۇل مۇئامىلە سېپىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ بانكا كىرىدىت بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بانكا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1953 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق بانكىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەمدە شۇ يىلى 12 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن ھەر ساھە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ، شىئەن قاتارلىق ئون نەچچە ئۆلكە، شەھەردە ئالتە ئاي ئېكىسكۇرسىيەدە بولغان. بۇ پۇرسەتتە ئۇ جۇڭگونىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرى بىلەن ئۇچراشقان، تەجرىبە توپلىغان. روزى كېرىم پۇل مۇئامىلە سېپىدا ئىشلىگەن سەككىز يىل جەرياندا، دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلىگە دائىر سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ،





جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. بىر قەدەر كۈچلۈك رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە تىرىشىپ ئىشلەش پوزىتسىيەسى بىلەن، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئومۇمەن ئىشىدا پاك ـ دىيانەتلىك، تۇرمۇشتا ئاددى ـ ساددا بولۇپ، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولغان.

1958 ـ يىلى «سول» چىل خاتا لۇشيەننىڭ تەسىرىدە روزى كېرىم «تارىخىي مەسىلىسى بار» دەپ تارتىپ چىقىرىلغان. خىزمەتتىن توختىتىلىپ قاتتىق تەكشۈرۈلگەن ۋە «تەكشۈرۈشتە ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، تارىخىي مەسىلىلىرىنى ئەينەن، تولۇق تاپشۇرمىدى» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىنىپ بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1963 ـ يىلىغىچە ئازاق سېپىلدىكى تۈرمىدە، كېيىن ئاغۇ ئاچچىقتىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق نەسىللىك قوي فېرمىسى دۆلەتبۇلاق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا جازا مۇددىتى ئۆتىگەن. جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، «تارىخىي ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ يېزىغا قايتۇرۇلغان ھەمدە 1979 ـ يىلىغىچە ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ، كۈرەشلەرگە تارتىلىپ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. پەرزەنتلىرى «ئۇنسۇر» ئائىلىسىنىڭ بالىلىرى دەپ قارىلىپ، خىزمەت ئورۇنلىرىدىن ۋە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى



رىشات مۇسا
(1985 ـ 1912)



ئوقۇشىدىن ھەيدەلگەن. پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى «ئۈنسۈر» ئائىلىسىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى دەپ قارىلىپ، ئەڭ جاپالىق ئورۇنلاردا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. تۇرمۇشتا قاتتىق غۇربەتچىلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. گەرچە روزى كېرىم شۇ كۈنلەردە ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئائىلىدە پەرزەنتلىرىگە بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا سەممىي، راستچىل بولۇش، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق بولۇش، ھەققانىيەتنى ياقلاش، كىشىنىڭ ھەققىدىن نېرى بولۇش، جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى تېپىش، ھاياتقا ۋە كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قاراش قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەلىم ـ تەربىيەنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ، ھەقىقىي ئۇستاز ۋە كۆيۈمچان ئاتىغا خاس خىسلىتى بىلەن ھايات مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرغان. 1979 ـ يىلى روزى كېرىمنىڭ ئاتالمىش قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن: «مەزكۇر ئۇستىدىن ئەينى ۋاقىتتا چىقىرىلغان ھۆكۈم خاتا، روزى كېرىمنىڭ دېلوسى ئۇۋال قىلىنغان دېلو» دەپ قايتا ھۆكۈم چىقىرىلىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق بانكىسىدىن دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان. مەرھۇم ئىزچى روزى كېرىم 1986 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن، سۈنتاغ مەلەتتىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان.

# رىشات مۇسا

رىشات مۇسا (رىشات غوجام) 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتى سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدىغان غوجىلار قورۇسى — مازار ھويلىدا دۇنياغا كەلگەن. رىشات مۇسا ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ 10 ـ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى مۇسا غوجام ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ 8 ـ ئەۋلادى مەخمۇت ھېكىمبەگنىڭ بالىسى ئىدى (مەخمۇت ھېكىمبەگنىڭ ئابدۇرېشىت غوجا، جىرجىس غوجا، مىرغوجا، مۇسا غوجا ۋە ئىبراھىم شەيخ قاتارلىق پەرزەنتلىرى بولغان).

رىشات مۇسا باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئائىلىدە غوجىلار جەمەتىنىڭ نەسەب قائىدىلىرى ۋە ئائىلە مىزانلىرى بويىچە تەربىيەلىنىپ، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بالا بولۇپ چوڭ بولغان. ئۇ 15 ياشلارغا كىرگەندە ئۆيىنىڭ يېنىدىكى «سۇلتانىيە مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرگەن. مەدرىسەدە ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، قائىدىلىكلىكى ۋە سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ چاققان،ھازىر جاۋابلىقى بىلەن ئۇستازلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ پۇرسەت تاپسىلا ئۇستازلىرى ۋە تەڭتۇشلىرى بىلەن خەلقنىڭ نادان ـ خۇراپىيلىقى، زۇلۇم ۋە ئويغىنىش تېمىسىدىكى سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا تەسىر

كۆرسىتىشكە باشلىغان.

1934 ـ يىلى، مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا قوزغىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلغار ياشلار قاتارىدا قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قاتناشقان. تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالتە ئايلىق كۇرسنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، سۇنتاغ باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ تەقسىم قىلىنغان. 1937 ـ يىلى يازغىچە بۇ مەكتەپتە ئىشلەپ ئەۋلادلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتۇش، ئۇلارنىڭ جىسمىدىكى قالاقلىق، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىققا مەڭگۈ خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىگەن. 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي زىيالىيلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ بارغاندا، رىشات مۇسا ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان خەۋپتىن ۋاقىتلىق پاناھلىنىش ئۈچۈن ئاتۇشتىن چىقىپ كېتىپ، پەيزاۋات گۈللۈك يېزىسىدىكى ھوشۇر توپ بېشى (بۇ كىشى ھامىمىسى ھاشىخانىنىڭ يولدىشى) دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ئالتە ئاي ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، 1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا جىددىي ۋەزىيەت بىر ئاز پەسەيگەندە ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ تۆركۈل مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان. 1943 ـ يىلى ئاتۇشتا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكىلىپ 1945 ـ يىلغىچە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1945 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ساقچى





ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، 1949 ـ يىلغىچە ئىدارە باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ خىزمەتتىن توختىتىلىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

1953 ـ يىلى رىشات مۇسا قايتىدىن ئاتۇش ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە خىزمەتكە چۈشكەن. ئۇ 1958 ـ يىلغىچە تۈرمە نازارەتچىسى، رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1958 ـ يىلى «قورچاق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن، ئېغىر تارىخىي مەسىلىسى بار» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، «مەسىلىسىنى تونۇش ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، ئەينەن تارىخىنى تاپشۇرمىدى» دېگەن باھانە بىلەن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1961 ـ يىلى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئائىلىسىدە بولغان. 1962 ـ يىلى ئۇلۇغچات قىزىلئاي سېمونت زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشقان. 1966 ـ يىلى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق باشلانغاندا قايتىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ سېمونت زاۋۇتىدىن ھەيدەلگەن. «تارىخى ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان. رىشات مۇسانىڭ ئوقۇغۇچىسى سۇنتاغ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق رېھىم مۇسا بوۋاينىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، بۇ مۆھتەرەم ئىزچى سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ تارىخىغا ئائىت ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى


يىغىپ، توپلاپ رەتلىگەن. ئەمما ئەينى يىللاردىكى قالايمىقانچىلىق ۋە بۇ كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك قىسمەتلەر سەۋەبلىك بۇ ماتېرىياللار يوقىلىپ كېتىپ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قولىغا يېتىپ كېلەلمىگەن. 1979 ـ يىلىدىن كېيىن يالغان، خاتا، ئۇۋال دېلولارنى قايتا قاراپ چىقىش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ روھى بويىچە رىشات مۇسانىڭ نامى ۋە خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاتۇش ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان. مەرھۇم ئىزچى رىشات مۇسا 1985 ـ يىلى 73 يېشىدا مەشھەدتە ئالەمدىن ئۆتكەن، جەستى مۇقەددەس جاي سۇتۇق بۇغراخان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

# روزىمۇھەممەت ھابىل

روزىمۇھەممەت ھابىل (روزى مۇھەممەت مەخسۇم) 1913 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىدە دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. روزىمۇھەممەت مەخسۇمنىڭ دادىسى ھابىل ھاجىم شۇ دەۋرلەردە ئاتۇش ۋە قەشقەر تەۋەسىدە تەسىرى چوڭ ئۆلىما ئىدى. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل ئاتۇشتىكى سۇلتانىيە مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئۆلىما، موللىلار ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى تەربىيەلەپ جەمئىيەتكە چىقارغان. ئۇزۇن يىل ئاتۇشتا قازىلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلىگەن. يەر تەۋرەش ۋە كەلكۈن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى رېمونت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىدا كەڭ جامائەتچىلىكنى سەپەرۋەر قىلىپ بۇ تارىخىي، قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ۋە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

ھابىل ھاجىم ئوغلى روزىمۇھەممەتنى 13ياشقا كىرگىچە ئائىلىدە ئۆزى تەربىيەلەپ، مەلۇم دىنىي بىلىم





روزىمۇھەممەت ھابىل
(1913 - 1988)

ئاساسىغا ئىگە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى سۇلتانىيە مەدرىسەسىگە ئېلىپ كىرىپ باشقا تالىپلار بىلەن بىللە ئوقۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ بەرگەن. روزىمۇھەممەت بۇ بىلىم يۇرتىدا داڭلىق موللا ئۆلىمالاردىن بەش يىل تەلىم ئېلىپ، 18 ياشقا كىرگەندە قارىيلىقتىن ئۆتكەن. ئۇ قارىيلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن داۋاملىق بۇ مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى تەپسىر قىلىش بويىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلىمى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن. بۇ خىل ئىجتىھات بىلەن بىلىم ئېلىش ئارقىلىق، تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، يۇرت-يۇرتلاردا مەكتەپلەرنى قۇرۇش ۋە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىغاندا، ھابىل ھاجىم ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ تەخىرسىز يېڭى يۈزلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئوغلى روزىمۇھەممەت مەخسۇمنى ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا بەرگەن. 1935-يىلى يانۋاردا بۇ كۇرس ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى روزىمۇھەممەت مەخسۇمنى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە





مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇ 1938-يىلغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1938-يىلىدىن باشلاپ سۇنتاغ كەنتىدىكى ئوغۇللار سىنىپى تۆركۈل مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ ئوقۇتقۇچىلار قايتا تەڭشەلگەندە، روزىمۇھەممەت مەخسۇم مەشھەد قۇمباغ مەكتەپكە قايتىدىن تەقسىم قىلىنغان. 1942-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەشھەد مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. 1943-يىلىدىن باشلاپ ئاتۇش ناھىيەلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ، ئوقۇتۇش ۋە مەكتەپلەرنى نازارەت قىلىش، ھۆكۈمەت ۋە جامائەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك ئەسلىھەلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1947-يىلىدىن باشلاپ خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1950-يىلى بىر تۇغقانلىرى بىلەن غۇلجىغا چىقىپ كېتىپ، دەسلەپتە غۇلجا شەھىرى تۆپچى مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1954-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى نىلقا ناھىيەسىگە كۆچۈپ بېرىپ يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن، قوشۇمچە سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن. 1959-يىلىدىن باشلاپ باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرغان نىلقا ناھىيەلىك سودا بىرلەشمە كوپىراتىپىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى

ئىشلىگەن. 1980 ـ يىلىدىن كېيىن سودا ئىشلىرىنى پەرزەنتلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئائىلىدە ھابىل ھاجىم جەمەتىنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى تۈزۈش ۋە رەتلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن. مەرھۇم ئىزچى روزىمۇھەممەد ھابىل 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 75 يېشىدا نىلقا ناھىيەسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.





زۇنۇن تىلىۋالدى
(1969 ـ 1913)

# زۇنۇن تىلىۋالدى

زۇنۇن تىلىۋالدى 1913 - يىلى ئاتۇشنىڭ بۆگەن كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇ 13 ياشتىن ئاشقاندا دادىسى ئۇنى بۆگەنلىك ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىمگە دىنىي تەلىم ئېلىشقا بەرگەن. زۇنۇن تىلىۋالدى ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىمدىن ئىككى يىل تەلىم ئالغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى مەشھەتتىكى «سۇلتانىيە مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن. زۇنۇن تىلىۋالدى مەدرىسەدە ئوقۇش جەريانىدا مۇكەممەل دىنىي تەلىم ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تارىخقا ئائىت بىلىملەرنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلىگەن. ئۆز دەۋرىنىڭ يېڭىلىقنى ياقلىغۇچى، ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ئۇستازلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. 1930 - يىللىرى مەدرىسەدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئائىلىسىگە قايتقان ۋە ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934 - يىلى مەتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئىلغار ياشلارنى يىغىپ مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىشنى تەشكىللىگەندە، بىلىمگە ۋە يېڭىلىققا ھېرىسمەن زۇنۇن تىلىۋالدىمۇ ئىلغار

ياشلار قاتارىدا ئوقۇشقا تىزىملاتقان. قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا تىرىشىپ ئوقۇپ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر تۇتاش تەقسىماتى بويىچە بۇيامەت كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلىنغان. زۇنۇن تىلىۋالدى 1938 ـ يىلىغىچە ئابدۇغوپۇر قۇناجى ۋە ئابدۇراخمان سەمەر قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا، ئەينى يىللىرى ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى بۇيامەت مەكتەپتە تەسىس قىلغان «ئەلەمدارلار» سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۇستازىغا ھەمكارلىشىپ ئاتۇشتا قوزغالغان ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. 1938 ـ يىلى تىجەن كەنتىدە قۇرۇلغان شەنلى مەكتەپكە يۆتكىلىپ 1940 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن. 1940 ـ يىلى ئوڭئېرىق مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەنگەن. زۇنۇن تىلىۋالدى ئوڭئېرىق مەكتەپكە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ تولىمۇ ئېغىر ۋە شەرەپلىكلىكىنى تونۇپ يېتىپ، سەگەكلىك ۋە يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مەكتەپنىڭ تەشكىلى ۋە كەسپىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئوڭئېرىق مەكتەپتە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۈچ ئوغۇللار سىنىپى، ئىككى قىزلار سىنىپى،





قۇمسېغىر كەنتىدە ئوڭئېرىق مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىدا قىز، ئوغۇل ئارىلاش ئوقۇيدىغان بىر سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، ئوڭئېرىق مەكتەپ ئالتە سىنىپ، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئىگە مەكتەپكە ئايلىنىپ، ئاتۇشنىڭ باشقا كەنتلىرىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپلەردىن بولۇپ قالغان.

1943 ـ يىلىغا كەلگەندە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چېكىدىن ئېشىشى ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن، پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە گومىنداڭغا قارشى مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆرەش قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. 1943 ـ يىلى يازدا زۇنۇن تىلىۋالدى مەكتەپتىن ئايرىلىپ، گومىنداڭغا قارشى تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ، ئازادلىق ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش ۋە زىيالىيلارنى تەشكىللەش، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1950 ـ يىلى زۇنۇن تىلىۋالدى يوپۇرغا ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگە خىزمەتكە چۈشكەن. شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1951 ـ يىلى يازدا قەشقەر دارىلئېيتام (يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپى) غا مۇدىر بولۇپ 1953 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. 1953 ـ يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى قۇرۇلغاندا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى زۇنۇن تىلىۋالدىنى بۇ

مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇريي مەھكىمە تەرىپىدىن مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ 1956 ـ يىلىغىچە ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇ خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، شەھەر قۇرۇلۇشى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئاۋامنىڭ ھالىغا يېتىپ، ھەممىدە خەلق مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئاق كۆڭۈل، خەلقچىل، قابىل يېتەكچى بولۇپ داڭقى چىققان. شۇڭا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ نامى مارالبېشى خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ كەلمەكتە.

1955 ـ يىلى زۇنۇن تىلىۋالدى مارالبېشى ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش ۋە تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغان. تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، يۈز نەچچە كىشىلىك ئۆمەك تەشكىللەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان. زۇنۇن تىلىۋالدىمۇ ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا





چىقىپ موسكۋا، سانكت ـ پېتىربۇرگ، سىبىرىيە سانائەت رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مائارىپ، سەھىيە، خەلق تۇرمۇشى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ساھەلەر بويىچە ئۈچ ئاي ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە قوشۇمچە ساياھەت پائالىيەتلىرىدە بولغان. 1956 ـ يىلى 1 ـ ئايدا زۇنۇن تىلىۋالدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئالاقە باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ 1958 ـ يىلىغىچە باشقارما باشلىقى، قوشۇمچە تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1958 ـ يىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە «تارىخىي مەسىلىسى» بار دەپ تارتىپ چىقىلىپ خىزمەتتىن توختاپ بىر يىل تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېغىر مەسىلە بايقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1959 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زۇنۇن تىلىۋالدى بورتالا ناھىيەلىك ئاق قوي نەسىللىك چارۋا ـ مال يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ باشلىقى بولۇپ بورتالاغا ئەۋەتىلگەن. 1963 ـ يىلى بورتالا ئاق قوي نەسىللىك چارۋا ـ مال يېتىشتۈرۈش فېرمىسى بىلەن ئارىشاڭ ناھىيەلىك نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش فېرمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، فېرما باشقۇرۇش ئىشتابى ئارىشاڭ ناھىيەسىگە يۆتكەلگەن. زۇنۇن تىلىۋالدى 1966 ـ يىلىغىچە بۇ فېرمىغا باشلىق بولۇپ ئىشلىگەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغاندا، زۇنۇن تىلىۋالدى «شىيۇ



سەيپىدىن ئەزىزى
(2003 ـ 1915)



جېڭجوۋېيچى» دېگەن بەتنام بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ھاياتىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان، ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ كوچىلاردا سازايى قىلىنغان. مەشھۇر مائارىپ تەرغىباتچىسى مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىدە ئىلغار ئىدىيەنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مىللەتنى نادانلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا قان ـ تەر ئاققۇزۇپ، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش بەدىلىگە «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن يەتكۈچە جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلارنى تارتقان تۆھپىكار ئىزچى زۇنۇن تىلىۋالدى 1969 ـ يىلى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ 56 يېشىدا ئارشاڭ ناھىيەسىدە ۋاپات بولغان. 1979 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

# سەيپىدىن ئەزىزى

سەيپىدىن ئەزىزى 1915 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتىدە تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، داڭلىق كارخانىچى تاشئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سەيپىدىن ئەزىزى كىچىك ۋاقتىدا سەيپىدىن تاشئاخۇنۇم دەپ ئاتالغان، چوڭ بولغاندا بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ قوللانغانلىقتىن، سەيپىدىن ئەزىزى دەپ ئاتالغان.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دادىسى تاشئاخۇنۇم ئەينى يىللاردىكى مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، خەلقئارا بازار ئەھۋالى ۋە ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى بىۋاستە كۆرگەن ۋە تەپسىلىي كۆزەتكەن ھەمدە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بوۋىسىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئاتۇش ۋاقۋاقتىكى سەگەز، ھەمزەك، شاتاۋا قاتارلىق يەرلىك گۈللۈك رەختلەرنى ئىشلەيدىغان كارخانىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، داۋاملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە سودا بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇ لاتۋىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق ئەللەردە زاۋۇت ـ فابرىكىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى توپلىغان ۋە بىر قىسىم ئىلغار تېخنىكىلارنى ئېلىپ كىرگەن ھەمدە 1910 ـ يىللاردا يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرۇپ شىنجاڭدا بىر قەدەر ئىلغار زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە

كۆپىيىشىگە ئاساس سالغان.

تاشئاخۇنۇمنىڭ تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئالاھىدە تۆھپىسى شۇكى، ئۇ 1894 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتىدە بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ سالدۇرۇپ، مەكتەپنىڭ بارلىق راسخوتلىرىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ، يۇرت پەرزەنتلىرىنىڭ يېڭىچە بىلىم ئېگىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىرى خىل، ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

تاشئاخۇنۇم ئۆز زامانىسىدا تونۇلغان گېئولوگ بولۇپ، ئاتۇشنىڭ سۇغۇن، قاراجۇل، ئۇلۇغچاتنىڭ ئوخشولۇر قاتارلىق جايلىرىدىن مىس ۋە قوغۇشۇن كان ئىزلىرىنى تېپىپ بىر قىسىم كانلارنى ئاچقان. رۇدا ئېرىتىش ئوچاقلىرىنى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈپ مىس رۇدىلىرىنى ئېرىتىپ، ئېلىنغان مىس بىلەن پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى تەمىنلىگەندىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە ئېكسپورت قىلغان. قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن مىسكەر ئۇستىلارنى يىغىپ مىستىن ئائىلە سايمانلىرى ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىتىپ چەت ئەل بازارلىرىغا سالغان.

مانا مۇشۇنداق ئائىلىۋى مۇھىتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەيپىدىن ئەزىزى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، توپا خەلپىتىم، موللا مەمەت خەلپىتىم قاتارلىق دىنىي زاتلاردىن تەلىم ئېلىپ، مەلۇم دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان. 1932 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلار قورallıق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ





قەشقەر يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، قەشقەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش جەڭلىرىگە قاتناشقان. قوزغىلاڭچى قوشۇندا رازۋېدكا بەنىنىڭ بەنجاڭى، كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1934 ـ يىلى قەشقەر تىنچلىنىپ، ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلار تەرتىپكە سېلىنغاندا سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە كاتىپ بولغان. 1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى (نەۋرە ئاكىسى) تۈركىيەدىن قايتىپ كېلىپ،مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشۈپ «كاتىپلىقىڭىزنى تاشلاڭ،ئاتۇشقا بارايلى، ئۇ يەردە مەكتەپ ئاچىمىز» دېگەن تەكلىپنى بەرگەن. سەيپىدىن ئەزىزى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، كاتىپلىقتىن ۋاز كېچىپ ئاتۇشقا قايتىپ چىققان ھەمدە ئاستىن ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كۇرس ئاياغلاشقاندا ئاتۇشنىڭ تىجەن كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر ھەم مۇئەللىم بولغان.

سەيپىدىن ئەزىزى 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەمەتقۇل ھاجى ۋە مەخمۇت سىجاڭلارنىڭ ياردىمىدە 2 ـ تۈركۈمدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ياشلار بىلەن بىرگە قەشقەردىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. تاشكەنتتە ئىككى يىل جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئوقۇپ، 1937 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئوقۇشنى تاماملاپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۈچ ئايلىق سىياسىي

كۇرسقا قاتناشقان. 1937 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ئۇزاق ئۆتمەي «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن. بۇ ئورۇندا بىر ھەپتە ئىشلىگەندىن كېيىن، چۆچەككە يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە چۆچەك گېزىتخانىسىدا كوررېكتور بولغان. 1938 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ تەھرىرلىك خىزمىتىگە ئالماشتۇرۇلغان. گېزىتخانىدا ئىشلەش جەريانىدا ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي نەزەرىيە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ئىقتىساد ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرى جەھەتتە زور ئىلگىرلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ يەنە ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە زىيالىيلار ۋە سەنئەتتىن خەۋىرى بار كىشىلەرنى تەشكىللەپ سەنئەت ئۆمىكى (سانايى نەپىسى) قۇرۇپ، گومىنداڭ ۋە شىڭ شىسەيگە قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

1943 ـ يىلى ئەتىيازدا سەيپىدىن ئەزىزى قولغا ئېلىنىپ سوراق قىلىنغان. جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە بېسىمى ئاستىدا بىر مەزگىلدىن كېيىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا شىڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۈرۈش ئۇچۇن، ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلار ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ باشچىلىقىدا «ئازادلىق تەشكىلاتى» نى قۇرغان بولۇپ، قۇراللىق كۆرەشكە جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغ ئىدى. سەيپىدىن ئەزىزى





غۇلجىدا ھاجى قارىي ئىسمىلىك تۇغقىنىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ھەمكارلاشقاچ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلىغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىپ غۇلجا ئازاد بولۇپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، سەيپىدىن ئەزىزى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غۇلجىدا «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇلغاندا سەيپىدىن ئەزىزى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەندە، سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» بۇزۇلۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تارقالغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1948 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ «دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غا قاتنىشىپ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، «ئالغا گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان، كېيىن «دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى بولغان.

1949- يىلى 8- ئاينىڭ ئاخىرى رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ تەكلىپى بويىچە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قازا قىلغاندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭغا بېرىپ، 1- نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقان.

1949- يىلى 9- ئايدا 1- نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت قانۇن كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ سايلانغان. 1949- يىلى 10- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1949- يىلى 12- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان.

1951- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مىللىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو- سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو- پاكىستان دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1952- يىلى 7- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى





مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 4- شۇجىسى بولغان. 1953- يىلى 1- ئايدا غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 8- ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 2- شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1955- يىلى 10- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1958- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 2- شۇجىسى، 1972- يىلى 7- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت 1- شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1973- يىلى 6- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 1- شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1- سىياسىي كومىسسارى، ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ 1- شۇجىسى بولغان. 1-، 2-، 3-، 4-، 5-، 6-، 7- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 8- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 8- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 9-، 10-، 11-، 12-، 13- نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 10-، 11- نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان.

شانلىق ئىزچى سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

پەخىرلىك ئوغلانى ۋە شىنجاڭ خەلقى، ئومۇمەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان قابىل رەھبەر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى، دراماتورگ ۋە شائىر. ئۇ ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ تارىخىي رومان «سۇتۇق بۇغراخان»، تارىخىي ئوچېرىك «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، بىيوگرافىك ئەسەر «ئۆمۈر داستانى» (ئىككى قىسىم)، تارىخىي ئوپېرا «ئامانىساخان» ، ھېكايە، نەسرلەر توپلىمى «ئەۋلىيا ئاتا» ۋە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى»، «شانلىق يىللار» قاتارلىق ئون نەچچە كىتاب، 500 دىن ئارتۇق رۇبائىي، 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلدۇرغان.

شانلىق ئىزچى، پېشقەدەم ئىنقىلابچى ، ئاتاقلىق دۆلەت رەھبىرى، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى، شائىر سەيپىدىن ئەزىزى 2003- يىلى بېيجىڭدا 88 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.





قوشۇمچە

# ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق[1]

## سەيپىدىن ئەزىزى

1934- يىلى ئاتۇشتا تارىختا كۆرۈلمىگەن بىر مائارىپچىلىق ھەرىكىتى باشلاندى. يالغۇز ئاتۇش تارىخىدىلا، قەشقەر تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ تارىخىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان يېڭى بىر مائارىپچىلىق ھەرىكىتى بولدى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىككى ئاتۇشتا ۋە كېيىن ئىلى، چۆچەك، تۇرپانلاردا يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭدا يېڭى مەرىپەتچىلىكنىڭ — مائارىپنىڭ باشلىنىشى بولغان تارىخىي ۋەقەلەر ئىدى. لېكىن ئۇ مائارىپچىلىقنىڭ دائىرىسى تار، ۋاقتى قىسقا بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېڭى مائارىپچىلىققا ئۇل سېلىپ بەردى. بۇقېتىمقى يېڭى مائارىپچىلىق بولسا، دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، قۇرۇلۇشى چاققان، روھى ئۆتكۈر مائارىپچىلىق بولدى. بۇ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى قېتىم بولغان ھەرىكەت ئىدى.

[1] بۇ ئەسلىمە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

1934 ـ يىلى يازدا قەشقەر تىنچلاندى، ھەربىي، مەمۇرىيەت ئورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىندى. قەشقەردە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىندى. مەھمۇت شىجاڭ تۇركىيەدىن كەلگەن بىرنەچچە ئەپەندىلەر ئارقىلىق مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى.

1934 ـ يىلى باھاردا تۇركىيەدىن مەجىددىن ئەپەندى باشچىلىقىدا 12 كىشى كەلدى.

بىز دېمەكچى بولغان ئاتۇشتىكى بۇ مائارىپچىلىقنى تۇركىيەدىن كەلگەن ئاشۇ ئەپەندىلەر ئىچىدىكى مەمتىلى ئەپەندى (تەخەللۇسى تەۋپىق) دېگەن كىشى باشچىلىق قىلىپ ئېلىپ باردى. مەمتىلى ئەپەندى مەن بىلەن تۇغقان بولۇپ، دادامنىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇ ياش ۋاقتىدا بىلىم ئىزدەپ شىمالىي شىنجاڭغا چىقىپتۇ، كېيىن چۆچەك ئارقىلىق تاشكەنتكە بېرىپ، ئۇ يەردە ھەم قارا خىزمەت قىلىپ ھەم ئوقۇپتۇ. ئۇ ئوتتۇرا بىلىم ئالغاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ياخشى ئوقۇپتىكەن، بىراق، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدا ئوقۇشنى داۋام قىلدۇرالماپتۇ. يەنە بىرەر مەزگىل ئەمگەك قىلىپ يۈرۈپ قارا دېڭىز بويىغا بارغاندىن كېيىن، تۇركىيەدىن كەلگەن بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ تۇركىيەگە بارغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇركىيەدە ئاۋۋال خېلى كۆپ قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ. كۇنلۇكچى بولۇپ قارا خىزمەت ئىشلەپ قورسىقىنى ئاران تويغۇزىدىكەن . تۇرار جايى مۇقىم بولماي، دائىم بىر ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يەپ يۈرىدىكەن. ئاشخانا غوجايىنى بۇنىڭ تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى





ياقتۇرۇپ قاپتۇ. (مەمتىلى ئەپەندى ئەسلىدە تەمبۇر چېلىشقا ئۇستا ھەم ئوبدان ناخشىچى بولۇپ، قەشقەردىن ئېلىپ ماڭغان تەمبۇرنى تاشلىماي تۇركىيەگىچە ئېلىپ بارغانىكەن). ئۇ بىكار ۋاقىتلىرىدا ھېلىقى ئاشخانا غوجايىنىنىڭ تەلىپى بىلەن ئاشۇ ئاشخانىدا تەمبۇر بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئاشخانىنىڭ خېرىدارىمۇ كۆپىيىپتۇ، بارا ـ بارا تۈرك ناخشا ـ سازچىلىرى بىلەنمۇ دوست بوپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى غوجايىن بۇنى قانداقتۇر بىر ئەمەلدارغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇ ئەمەلدار ئۇنى مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئۇ ئوقۇپ ياخشى بىلىم ئاپتۇ، كېيىن «تۈرك گەنجىلەر (ياشلار) بىرلىكى» دېگەن تەشكىلاتقا قاتنىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئويناپتۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇ شۇ يەردىكى ياشلارنىڭ ئارىسىدا خېلى ھۆرمەتلىك ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىر كۈنى ئاشۇ ياشلار جەمئىيىتىنىڭ قانداقتۇر بىر چوڭ مەجلىسىدە مەمتىلى ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىپتۇ، ئۇ ئالدىن تەييارلىنىپ قويمىغاچقا دەماللىققا قىينىلىپ قاپتۇ، كېيىن سەھنىنىڭ تاشقىرىسىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىغا ئىشلىگەن بىر ناخشىسىنى تەمبۇر بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ شېئىر مۇنداق ئىكەن :

بىز ئۇيغۇرنىڭ باللىرى كۆڭلىمىز نۇرلۇق،  
بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق ھايات يولىمىز ئۇلۇغ.

كۆپ زامانلار سەرسان بولدۇق زالىم قولىدا،
دەريا ـ دەريا قانلار تۆكتۇق ئەرك يولىدا.

بىزگە گويا دوزاخ بولدى بۇ ئانا ماكان،
ئەسىر بولدۇق، تۇتقۇن بولدۇق، ھالىمىز يامان.

كۈرەش بىلەن ئۆتتى ئەسىر، شانىمىز ئۇلۇغ،
بىزگە ئەمدى ياراشمايدۇ خارلىق ۋە قۇللۇق.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ ناخشىسىنى ناھايىتى چوڭ تەنتەنە بىلەن ئالقىشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇيغۇر سازچى ـ ناخشىچى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ يۈرۈپتۇ. شىنجاڭدا خەلق قوزغىلىڭى بوپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، ئۇ قايتىشنى تەلەپ قىلغانىكەن. كېيىن، ئاشۇ ياشلار تەشكىلاتى بىر نەچچە ئادەم بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپتۇ.

مەمتىلى ئەپەندى شىڭ شىسەي ھاكىملىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن بىر قانچە ۋاقىت بوش تۇرۇپ، بىزنىڭ ئۆيگە جىقراق كېلىپ ـ كېتىپ يۈردى. ئۇنىڭدا يولداشلار بىلەن تۇرىمىزمۇ، قايتىمىزمۇ دېگەن ئىككى ئىش دائىم سېزىلىپ تۇراتتى. تۇغقانلار بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىگە پەقەت رازى ئەمەس ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى يۇرتتىن، تۇغقانلاردىن ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى، لېكىن قانداقتۇر ئەندىشە بارلىقىنى ئېيتاتتى. ئاكىسى نىزامىدىن بىر كۈنى ئۇنى باشلاپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئانام بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇنى





ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلماقچى ئىكەن. ئانام جىق سۆز قىلىپ قالدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. نىزامىدىنمۇ يېلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. مەنمۇ ئۇلارنى قۇۋۋەتلەپ تۇرۇۋالدىم. ئاخىرى ئۇ قېلىشقا رازى بولدى. ئەتىسى ئۇ مېنى باشلاپ قەشقەر شەھىرىگە ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن مەجىدىن ئەپەندى دېگەن دوختۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار كېتىش ياكى قېلىش توغرىسىدا جىق سۆزلەشتى. مەمتىلى ئەپەندى جىق سۆزلەرنى قىلىپ قېلىشقا دالالەت قىلغاندىن كېيىن، مەجىدىن ئەپەندى يۇمشاپ : «سەن مۇنداق دېسەڭ، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق، مەھمۇت شىجاڭ چوقۇم قويۇپ بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، قالساق قالدۇق. لېكىن، ھاياتىمىز خەۋپتە» دېگەن مەزمۇندا سۆزلىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ: «قايتىپ كەتمەيمىز، مىللەت ئۈچۈن بىر ئاز ئىش قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەك ئارمان يوق» دېگىنى ئېسىمدە. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ ۋالىي مەھكىمىسىدە كاتىپلىق قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىم ئىدى. ئۇ كۈنى مەمتىلى ئەپەندى ماڭا «كاتىپلىقىڭىزنى تاشلاڭ، ئاتۇشقا كېتەيلى» دېدى. نېمە قىلىمىز دېسەم «مەكتەپ ئاچىمىز» دېدى. ئەتىسىلا بىز ئاتۇشقا ماڭدۇق، ئىككىمىز بىر مەپىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ئۇ يولدا ماڭا جىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ياش ۋاقتىدا شىنجاڭدا تارتقانلىرى، ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن بېرىپ تاشكەنتتە ئوقۇيالماي، تۈركىيەگە كەتكەنلىكى ۋە باشقىلار. ئارقىدىنلا ئاتۇشتا قانداقچە يول بىلەن مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدىغان پىلانىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. مەن تېخى ياش بالا بولساممۇ ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلىقىمدىن

بەك روھلاندىم. ئۇ ئاتۇشقا بارغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوللايدىغان بىر قانچە مۆتىۋەرلەرنى تېپىپ ھەرىكەت باشلايدىغانلىقى، مېنىڭ ئىدراكلىق ياخشى دوستلاردىن بىر قىسىم ياشلارنىڭ تىزىملىكىنى تەييارلىشىمنى تاپشۇردى. ئاتۇشقا بېرىپ بىرەر ھەپتە دېگۈدەك بىر قىسىم ئىلغار مۆتىۋەرلەر، ياش دوستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى بويىچە مەكتەپ ئېچىشقا كىرىشىدىغان بولدۇق.

پىلان ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىش: بىرى، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىش؛ يەنە بىرى، ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە 24 مەكتەپ سېلىش، ئالتە ئاي ئىچىدە ھەممە تەييارلىقلارنى تۈگىتىپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشىنى باشلاش. بۇ بەك مۇھىم ھەم جىددىي پىلان ئىدى. بىز بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوللىغان بولساقمۇ، بۇ پىلاننى مۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىجرا قىلىشقا كۆزىمىز يەتمەيتتى. بىراق، مەمتىلى ئەپەندى بىزنى بۇ پىلاننى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قەتئىي بەل باغلىغان جاسارىتى، ئىشەنچى، چاقماقتەك ھەرىكىتىگە قاراپ ئەگەشتۇق. مۇئەللىملەر كۇرسى دەرھاللا ئاستىن ئاتۇش ئوۋچىبىرىقتىكى بىر مەدرىسىدە ئېچىلدى. بىز بۇنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا مەمتىلى ئەپەندى تەييارلىقنى قىلىپ بوپتىكەن. ئۇ بىر قانچە ئىلغار زىيالىيلار ۋە بايلاردىن مەكتەپ ھەيئىتى قۇرۇپ تەييارلىق قىپتۇ. مەن بىرنەچچە دوستلىرىمنى يىغىپ، يۇرت- يۇرتقا بېرىپ، ئوقۇغۇچى تەييارلاشقا كىرىشتىم. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى دېگەندە ئوقۇشنى





باشلىۋەتتۇق. ھەممىمىز ياش تەلەپكارلار، 60 بالا ئاشۇ مەدرىسىدە ياتىمىز، تاماقىمىزدىن باشلاپ خىراجىتىمىزنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپ ھەيئىتى بايلاردىن توپلىغان ئىئانە بىلەن تەمىن قىلىدۇ. مۇشۇنداق چوڭ ھەرىكەتتە مەمۇرىي، تەشكىلىي، ئىلمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم بىرلا ئاشۇ مەمتىلى ئەپەندى. ئۇ يەنە مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنىمۇ بىرلا ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ دەرسلىرىنى ئۆتىدۇ. دەرس تەييارلاش، تۇرمۇش تەرتىپىنى باشقۇرۇش، دەرس ئۆتۈش، مەكتەپ ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىش، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈنىگە ئالتە سائەت دەرس ئۆتۈش، تېخى بۇلاردىن باشقا، ئەتىگەندە بىر سائەت، چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن بىر- ئىككى سائەت تەنھەرىكەت مەشغۇلاتى، مەشىق قىلىشقا باشچىلىق قىلىش — مۇشۇنداق جاپالىق خىزمەتتە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىدى. ئۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى تېخى بۇلا ئەمەس. كەچلىكى ئۇلگۇرسە تاماق يەپ، بولمىسا بىر ناننى قويىنىغا سېلىپ ئات مىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېچىدە كەنتلەرگە بېرىپ، ئۆزى تەشكىل قىلغان ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. پۇلدارلارنى يىغىپ ئىئانە توپلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بىرەر جاينى تېپىپ ئۇخلىسا ئۇخلاپ، ئۇخلىمىسا ئۇخلىماي، كېچىلەپ يەنە قايتىپ كېلىپ بىزگە دەرس ئۆتىدۇ. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ ئادەمنىڭ باشقا كەنتلەردىن قايتىپ كېلىپ، توپتوغرا دەرسخانىغا كىرگەندە، بىز ئۇنىڭ بەك چارچىغانلىقىنى ۋە كۆزلىرى

ئۆيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتۇق. لېكىن، ئۇنىڭدا روھىي ئۇستۇنلۇك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كىرىپلا ئاۋۋال بىزگە خۇشاللىق بىلەن كەنتلەردە مەكتەپ سېلىشنىڭ ياخشى كېتىپ بارغانلىقى، پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئۈمىد بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن دەرس ئۆتۈشكە باشلايتتى. بۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى، ئاشۇ ئۈمىدۋار، جۇشقۇن قىياپىتىنىڭ ئۆزى بىزگە ناھايىتى چوڭ تەربىيە ۋە ئىلھام بولاتتى. بىز ئاز دەم ئېلىپ بولسىمۇ، جىقراق ئوقۇشقا كۈچ چىقىراتتۇق.

بۇنداق مۇھىم ھەم جىددىي پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇن جاپالىق كۈرەشلەردىن كېيىن پىلان ئەمەلگە ئاشتى. ئالتە ئايدا ئەمەس، بەش ئايدىلا ئەمەلگە ئاشتى. ئەمەلگە ئاشقاندىمۇ ئويلىمىغان دەرىجىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشتى. بىز مۇئەللىملەر كۇرسىنى پۈتكۈزۈپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا كەنت ـ كەنتلەرگە بېرىپ، يېڭىچە سېلىنغان مەكتەپلەردىكى سىنىپتا پاكىز ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، دەرس باشلاپ كەتتۇق. ھەقىقەتەن كارامەت ئىش، دېمىسىمۇ ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئىش بولغانىدى. ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ياقتىن 60 مۇئەللىم تەييارلاش، بىر ياقتىن 24 كەنتتە 24 مەكتەپ سېلىش، ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىنى يېڭى مەكتەپتە، يېڭى پارتىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، دەرس ئاڭلاشقا تەييار قىلىش، راستتىنلا قالتىس ئىش ئىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قەتئىي ئىرادە، جۇشقۇن روھ ۋە خەلق ئۇچۇن، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن





ھاياتى بىلەن بېرىلىدىغان ئاشۇنداق ئادەم بولغاندىلا مۇنداق كارامەت ئىشنى قىلغىلى بولىدىكەن.

لېكىن، ئاتۇشتىكى بۇ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ پىلانى ئاسانلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشقىنى يوق. ماددىي، تەشكىلىي جەھەتتىكى بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش قىيىن بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپچىلىك خەلق، ئاتىلار، ئاتىلار ھەيئىتى، ۋەتەنپەرۋەر بايلار چوڭ ياردەم قىلدى. ئاساسىي قىيىنچىلىق ـ قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق، خۇراپاتلىق بىلەن پەن ـ مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولدى. قالاق كۈچلەر، روھانىيلار بۇ ھەرىكەتكە تۈرلۈك يوللار بىلەن قولىدىن كېلىشىچە قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. كۈرەش جىددىي بولدى. مۇئەللىملەر كۇرسىنىڭ ئوقۇشى ۋە كەنتلەردە مەكتەپ سېلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەكسىيەتچىلەر، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ئاۋۋال ھەر خىل تەتۈر تەشۋىقات ۋە ئىغۋالارنى تارقىتىشقا باشلىدى: «كالتە قۇيرۇقلار، دەھرىيلەر دىنىمىزغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى. بولشېۋىكلارنىڭ مەكتەپلىرىنى سالغىلى ۋە ئاچقىلى تۇردى. بۇلار ھەممىسى مۇناپىق، ئىمانسىز، كالتە قۇيرۇق، ئۇزۇن چاچ، ساقىلى يوقلارنىڭ ئىشى، دىنىمىزنى قوغدايلى...» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر، ھەتتا بەزى مۇتەئەسسىپ ئاخۇنلار مەسچىتلەردە نامازدىن كېيىن ئىغۋا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن بەزى كىشىلەر بىزگە تەتۈر قارايدىغان، ھومىيىپ قاچىدىغان، كېيىن تىللاپ ھاقارەت قىلىدىغان بولدى. بىز مۇئەللىملەر كۇرسىدىن جۈمە كۈنلىرى ئۆيىمىزگە بېرىپ قايتىشتا

تامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ تاش ئاتىدىغان، ھەتتا ئورىۋېلىپ كالتەك بىلەن ئۇرىدىغان ئىشلار پەيدا بولدى. بىز بەش - ئوندىن مىڭىپ ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلاتتۇق. ئايرىم باللار قورقۇپ مەكتەپكە بارالمايدىغان بولدى. بەزىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئاخۇنلار بېسىم ئىشلەتكەنلىكتىن بالىلىرىنى كۇرسقا ئەۋەتمەي قويدى. لېكىن، يەنە مەمتىلى ئەپەندى بىر ياقتىن خەلق ئاممىسىغا يۆلىنىپ، يەنە بىر ياقتىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنۇملۈك تەدبىر ۋە كۈرەشلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يېڭىپ، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەكسىيەتچىلەر، روھانىيلارنىڭ نەزەرىدە، بىز ئاشۇ ئۆگىنىۋېرىققا توپلانغان ئوقۇغۇچىلار گوياكى دىنغا قارشى گۇرۇھ ، بولشېۋىكلارنى تەشۋىق قىلىدىغان كالتە قۇيرۇقلار، قانداقتۇر قورقۇنچلۇق يامان ئادەملەر بولۇپ قالدۇق. دېمىسىمۇ بىزنىڭ تۇرقىمىزدا بىراقلا ئۆزگىرىش بولدى. كالتە چاپان كەيدۇق، بېلىمىزدە بەلباغ يوق، چاچ قويدۇق، ساقال - بۇرۇت يوق، بېشىمىزدا غەيرى - رەسمىي شەپكە، ئېيتقىنىمىز يېڭىچە شېئىر، مېڭىشىمىز باشقىچە، دېمىسىمۇ قىياپىتىمىز، ھەرىكىتىمىز بىلەن ئادەتتىكى خەلقتىن ئالاھىدە بولۇپ قالدۇق. لېكىن، بىز يېتىم قالمىدۇق. كۆپچىلىك، خەلق بىزنى قوللىدى، ياشلار قوللىدى، ئاتا - ئانىلار قوللىدى. ئەمما كۈرەش جىددىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، مەھەللىلەردە سىلىنىۋاتقان بىر مۇنچە مەكتەپلەر ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن توختاپ قالدى. بىزنىڭ ئوقۇشىمىزمۇ توختاش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئاشكارا -





يوشۇرۇن تىللاش، ئۇرۇش كۆپەيدى. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بېشى يېرىلغان، پۇتى سۇنغانلار پەيدا بولدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتى تېخىمۇ چوڭ خەۋپكە دۇچ كەلدى. ئەمدى يۇقىرىدىن ياردەم ئالمىغاندا، پۈتۈن ھەرىكەت توختاپ قالىدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالدى.

شۇ ئەھۋالدا مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ، قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، مەھمۇت شىجاڭغا ئەھۋالدىن دوكلات قىلىشقا بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ «كەلمەي تۇرۇڭلار» دېگەن جاۋابىغا قارىماي، ئوقۇشنى توختىتىپ، بىر ھەپتە ئالاھىدە، جىددىي تەييارلىق قىلدۇق. تەييارلىق : شېئىر - ناخشا ئۆگىنىش، مەشكە مېڭىشنى ئۆگىنىش، يېڭى كىيىم تىككۈزۈش (ئوخشاش كىيىم)، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى كىشىلىك، بىر كۆرۈنۈشلۈك شىكايەتنامە تەييارلاش بولدى. بۇ شىكايەتنامىگە مەن ۋە مۇھەممەت ھوسەيىن دېگەن يەنە بىر بالا تەييارلاندۇق. مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنى ئۆزى يېزىپ يادقا ئالدۇرۇپ، ئۆزى رېژىسسور بولۇپ ئۆگەتتى. قاتتىق تەييارلىق بىلەن بىر ھەپتىگە يەتمەي، بىر جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى ئەترەت مەيدانغا كەلدى، بىز شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

يولغا چىققان كۈنىمىز چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، يۇرت يىغىلىپ ئۇزاتتى. كىشىلەردە بەك ھاياجانلىنىش ھېسسىياتى كۆرۈلۈپ تۇردى. بىزنىڭ ئەترىتىمىز كىشىنى ھاياجانلاندۇرغىدەك، روھلاندۇرغۇدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. تۆتتىن بولۇپ تىزىلغان ئۇزۇن ئەترەت، ئالدىمىزدا بىر بالا مەشئەل سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن، «ئىزچىلار» دەپ خەت

يېزىلغان قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىككى چوڭ، ئىككى كىچىك دۇمباق، ئىككى سۇناي، بىر نەيلىك سازچىلار مارش ئاھاڭىغا ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ چېلىپ ماڭدى. كىيىملىرىمىزمۇ غەيرىي، ماشرەڭ چەكمەندىن تىكىلگەن قايرىما ياقىلىق، ئىككى يانچۇقلۇق كۆينەك، بېلىگە تاسما كەمەر، شالۋۇرمۇ شۇ رەڭدە، بېشىمىزدىمۇ شۇ رەڭدىكى قۇلىقى ئۇستىگە قايرىلغان، چىكىلىكى بار شەپكە بار ئىدى. سول قولىمىزدا دەپتەر-قېرىنداش، ئوڭ قولىمىزدا ئىزچىلار كالتىكى دەپ ئاتالغان نوغۇچتەك ئۇزۇنلۇقتىكى چىرايلىق ياسالغان كالتەك كۆتۈرگەن ئىدۇق. يەڭلىرىمىز شۇمدەكلەنگەن، بېشىمىز ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، مەيدىلىرىمىزنى كېرىپ، ھەربىيلەرچە ھەيۋەت بىلەن شېئىر ئېيتىپ، مارشقا دەسسەپ ماڭىمىز. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭمۇ زوقىمىز كېلىدۇ. دىلىمىزدا ياش باللاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تەڭ ئاۋاز بىلەن مېڭىشىمىزغا كېلىشتۈرۈپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيمىز:

بىز ئىزچىلارمىز قوللىرىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى بالا،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .





ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا باسىمىز ئىرپان نۇرىدا.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى بالا،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

ئۆسكەن يېرىمىز قانلىق شېغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى بالا،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار .

مۇشۇ شەكىلدە كوچىدىن چاڭ چىقىرىپ، يۇرتتىن چىقىپ قۇمال تاغقا قاراپ كۆتۈرۈلدۇق. مەمتىلى ئەپەندى بايراقتىن كېيىنرەك ئەترەتكە يانداپ ماڭماقتا. مەن ئەترەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا يانداپ شېئىرغا باشلامچىلىق قىلىپ، ھەم «بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ قەدەملە تەڭشەپ ماڭدىم.

بىز چۆلدە ئىختىيارىيراق، يۇرتقا كىرگەندە يەنە ھېلىقى ھەيۋىتىمىز بىلەن ماڭىمىز، شۇنداق قىلىپ، بەشكېرەم ئاۋاتتىن ئۆتۈپ، قاتتىق بىر كۈن مېڭىپ كەچقۇرۇنلۇقى ئاپاق خوجامغا كېلىپ توختىدۇق. ئۇ يەردە ھېلىقى مەجىدىن ئەپەندى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ

ئىككى ـ ئۈچ مەسئۇل ئادەملىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىگە شەھەرگە كىرمەي مۇشۇ يەردىن قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىپتۇ. بۇ مەھمۇت شىجاڭنىڭ پىكرىمىش. نېمە ئۈچۈن قايتىشقا تەكلىپ بەرگەنلىكىنى مەن ئۇقمىدىم، لېكىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىماپتۇ. بىز ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق. يەنە تۈنۈگۈنكىدەك تىزىلىپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن، تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن ماڭدۇق. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن شەھەردىن چىققان بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى توختاتتى، بۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر ھەربىي ئەمەلدار ئاتتىن چۈشۈپ مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئالدىمىزغا تىزىلدى، بىر قىسمى ئىككى يېنىمىزغا قاتار تىزىلدى، ھېلىقى ئەمەلدار ئالدىمىزدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. بىزنىڭ توسقانغا ئۇنىماي مېڭىۋەرگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇت شىجاڭ بۇلارنىمۇ بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقارغانىكەن. ئەمدى بىز مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىلگىرىلىدۇق. بىزنىڭ بېشىمىز ئاسمانغا يەتتى، ئەندىشىلىرىمىز تۈگىدى. ئاۋازىمىزنىڭ پۈتكىنىگە قارىماي، توختىماي شېئىر ئوقۇپ، مەزمۇت دەسسەپ شەھەرگە كىردۇق. بۇ كۈنى شەھەر ئىچى گويا بىر بايرام بولغاندەك تۇس ئېلىپ كەتتى. بىز تۆشۈك دەرۋازىسىدىن كىرىپ تا مەھمۇت شىجاڭ تۇرغان جايغا بارغۇچە يولنىڭ ئىككى چېتىدە تىقما ـ تىقماق ئادەم بىزگە قارىشىپ تۇراتتى. ئەمدى ئالدىمىزدا ھەربىي كاناي ـ دۇمباقچىلار





ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بىزنىڭ سۇناي ـ دۇمباقلىرىمىزنى بېسىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شەھەرنى زىلزىلىگە سېلىپ يېڭى دەرۋازىغا بارغىنىمىزدا، مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىدا دەرۋازا تېشىدىكى مەيداندىن تارتىپ تا ئىچكىرى ھويلىغىچە قاتار تىزىلغان مىلتىقلىق ئەسكەرلەر بىزنى قارشى ئالدى. خوشلۇقىمىز بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كېيىن ھەربىي كاناي ـ دۇمباقچىلار دەرۋازا تۈۋىدە چەتكە چىقىپ توختىدى. بىز ئالدىمىزدىكى دومباق، سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۈنىمىزنىڭ بارىچە ۋارقىراپ شېئىر ئېيتىپ، ئىچكىرى ھويلىغا كىردۇق. بۇ يەردە مەھمۇت شىجاڭ ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە ئەمەلدارلىرى بىلەن تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاتار توختىدۇق. ئۇ بىزنى بەك قىزغىن قارشى ئالدى. ھويلىنىڭ ئۆزى بىر دەمدىلا قارشى ئېلىش تەنتەنە مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھويلىنىڭ چېتىدىرەك بىر ئۈستى يېپىق سۇپا بار ئىكەن، مەھمۇت شىجاڭ شۇ يەرگە چىقىپ بىزنى قارشى ئېلىپ قىسقىچە سۆز قىلدى. ئۇ بەك ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، سۆزلىرى ئۇنچە رەتلىك بولمىسىمۇ قارشى ئېلىش روھى بەك قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ بىزنى قوللىغانلىقى بىزنى ناھايىتى خوش قىلىۋەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزدىكى قوللىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانىچە بىز ئۇنىڭ تولۇق قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ سۆزلەپ بولۇپ سۇپىدىن چۈشكەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى دوكلات تەرىقىسىدە قىسقىچە سۆزلىدى. ئۇ: «بىزنىڭ

يوللىرىمىزنى جاھىللار توسماقتا، بىزگە ياردەم كېرەك» دەپ ئاخىرىدا ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى شېئىرنى چوڭ ماھارەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى.

ئەي ئانا يەر، كۆزلىرىڭدە ئۈمىد پارلار ھەر زامان،
ئۈستۈڭدىدۇر گاھى تۇتۇق، گاھى روشەن كۆك ئاسمان.

ئۆتتى تارىخ، ئۆتتى يىللار، ئىستىبداتلار ئۆتتى كۆپ،
جەڭ- چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان.

ئەي ئانا يەر، پاك مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ- مېھرىڭ ۋە سۈتۈڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.

جان تىكىپ چۈشتۇق كۈرەشكە ئىلىم- ئىرپان يولىدا،
ئاھ! لېكىن جاھىل گۇرۇھ بىزنى يوقاتماق كويىدا.

بەلنى باغلاپ توختىماستىن باسىمىز مەزمۇت قەدەم،
ئەمما بىزگە باشپاناھتىن بەكمۇ لازىم ياردەم.

مەمتىلى ئەپەندى دېكلاماتسىيەنى شۇنداق جانلىق ھەم ياخشى ئېيتتىكى، پۈتۈن ھويلىدا ئولتۇرغانلارنى ھاياجانغا كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ يەردە تۇرغانلار ئۇزاق چاۋاك چېلىشتى. بەزىلەر كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى سۇپىدىن چۈشكەندە مەھمۇت شىجاڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. كىشىلەردە





شۇنداق بىر تۇرلۇك خۇشاللىق كەيپىيات پەيدا بولدىكى، بۇ مەكتەپ ھەركىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچىنى تىتىۋەتكۈسى كېلەتتى. كىشىلەرنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە، بىزگە بولغان زوقى، سۆيۈنچى تېخىمۇ ئاشتى.

ئەمدى بىزنىڭ ئىككى كىشىلىك كىچىك ئويۇنىمىز باشلاندى. بۇنى ئويۇن دېسىمۇ، بىر-بىرى بىلەن تالاشقان ئىككى كىشىلىك سۆھبەت دېسىمۇ بولاتتى. ھەرىكەتلىرىمىز ، سۆز ئاھاڭلىرىمىز ئارتىسقا ئوخشايتتى. ئەگەر ئويۇن دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىشىم، ئەگەر نۇتۇق دېيىشكە توغرا كەلسە بۇ مېنىڭ مۇشۇنداق سەھنىدە بىرىنچى قېتىم سۆزلىگىنىم بولدى.

مۇھەممەت ھۇسەيىن دېگەن ساۋاقدىشىمىز سەھنىگە چىقىپ سۆز باشلىدى. ئۇ ئاتۇشتىكى مەكتەپ ھەرىكىتى، مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئۇتۇقلىرى، يۇرت- يۇرتقا مەكتەپلەر سېلىنىۋاتقانلىقى ۋە يېڭى ئىلىم- ئىرپان يولىنىڭ ئېچىلغانلىقى توغرىسىدا تەنتەنىلىك سۆزلەپ كېلىپ «بىز ئاتلاندۇق، بىز قولىمىزغا قەلەم- كىتاب ئالدۇق، ئىلىم- مەرىپەت يولىغا قەدەم تاشلىدۇق، يولىمىز پارلاق...» دېگەندە، مەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىن قوپۇپ، «توختا ساۋاقداش» دەپ قولۇمنى كۆتۈردۈم. ھەممە ئادەم ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى. كىشىلەر گويا بۇ تەنتەنىلىك يىغىلىشنى بۇزىدىغاندەك ماڭا تەتۇر قارىشاتتى. مەن ھەربىيلەرچە قەدەم تاشلاپ، يەنە قولۇمدا قەلەم-دەپتەر ۋە ئىزچى كالتىكى بىلەن سەھنىگە چىقتىم. چىقىپ مەن مۇھەممەت ھۇسەيىنگە «سېنىڭ ئاۋۋالقى سۆزلىرىڭنىڭ

ھەممىسى ياخشى، لېكىن ئاخىرقى سۆزلىرىڭگە قوشۇلمايمەن» دېدىم. خەقلەر ھەيران قېلىپ ماڭا قاراشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ ساۋاقداشنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ سۆز باشلىدىم.

— راست، بىز ئۇلۇغ قەدەم باشلىدۇق. ئىلىم - مەرىپەت، مائارىپ ئىشى ئۈچۈن باتۇر قەدەملەر تاشلىدۇق. پۈتۈن خەلق، ئاتا - ئانا، بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قوللايدۇ. بىز مۇشۇنداق شانلىق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك بىزگە ھۇجۇم قىلماقتا. بىزنى تىللاپ ئۇرماقتا. ھاقارەت قىلىپ يوللىرىمىزغا تاشلار ئاتماقتا. بىزنىڭ ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرىماقتا. يولىمىز توسۇلۇپ قالغىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، مەكتەپلىرىمىزگە ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈشى مۇمكىن. بىز يولىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز. لېكىن، بىزگە ياردەم كېرەك. سۆزۈم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە: «قانداق نېمىلەر ئۇ سىلەرگە قارشىلىق قىلىدىغان» دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆزۈمنى داۋام قىلدۇردۇم:

— قازى - ئەلەم، باي - بېگىم باشلىق يوغان قورساق، ھارام تاماقلار، خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان مۇشتۇمزورلار، ئۇلار بىزنى «دەھرىي، كالتە قۇيرۇقلار، دىنىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ» دەيدۇ. بۇ بىزگە بوھتان. بىز دىنىمىزنى بۇزغىنىمىز يوق، بىز مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى قوغدايمىز. بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ھەممە ئەر -





ئايال مۇسۇلمانلارغا ئىلىم تەلەپ قىلماقلىق پەرزدۇر» دېگەن سۈننىتىنى ئادا قىلماقتىمىز، خەلقىمىز غەپلەتتىن ئويغىنىشى كېرەك. نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئالغا بېسىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم كېرەك، ئوقۇش كېرەك، مەكتەپ كېرەك. بىز باشلىغان ئۇلۇغ يولىمىزدا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدۇق. بىزگە ياردەم كېرەك. ئاتىمىز مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزنى قوللىشىنى، بىزگە ياردەم بېرىشىنى، بىزنىڭ غالىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز!

ئولتۇرغان كۆپچىلىك بارغانچە جانلىنىشقا، غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى شېئىرىنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدىم:

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىزدەيمىز،
ئارزۇيىمىز - راۋاجلانسۇن مائارىپ.

جاننى پىدا قىلدۇق ئەزىز خەلقىمگە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

بولسا دەيمىز بىزدە ھوقۇق - ئادالەت،
بولسا بەربات خۇراپاتلىق - جاھالەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاب ،
زاۋال تاپسۇن ناھەقچىلىق ئىختىلاپ.

پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.

ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى.

مەھمۇت شىجاڭ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە قارىتىپ: «ئۇ لومودىلارغا ھەرگىز يول بەرمەڭلار، مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي، كېيىن سىزگە ئىككى مىلتىقلىق ئەسكەر بېرەي، ئەگەر يەنە قارشىلىق قىلىدىغانلار بولسا، باغلاپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار، مەن بار ئىكەنمەن، سىلەرنىڭ مائارىپ ئىشىڭلارغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىر ئاز تىترەپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چالدى. بىز ئوقۇغۇچىلار بولساق قولىمىزدىكى ئىزچى كالتەكلىرىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى يولدا كەلگۈچە ئېيتىپ كەلگەن شېئىرىمىزنى قايتا باشلىۋەتتۇق. قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ھويلىسى قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. مەمتىلى ئەپەندى غەلىبە قازاندى، بىز غەلىبە قازاندۇق، خوشاللىقىمىزدىن كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقاتتى. ئىلگىرى «شەھەرگە كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىلگىرى بىزنى «كەلمەڭلار» دېگىنى بىزنى قارشى ئالمايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، ئەھۋالنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئەرز





قىلىش مۇمكىن ئىدى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى كېلىپ دوكلات قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بۇنداق ئۈتۈق قازىنىش مۇمكىن بولمايتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى ئوڭۇشلۇق چىقتى. ئۇ ئېغىز بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەت بىلەن، 60 ئوقۇغۇچىنىڭ يېڭى قىياپىتى بىلەن ، ئۇلارنىڭ ئاغزى بىلەن ھەم ئۇلارنىڭ ئۈتۈقىنى دوكلات قىلماقچى، ھەم توسقۇنلۇقنى يېڭىش ئۈچۈن ياردەم ئالماقچى بولغان ئىدى، نەتىجىسى ھەقىقەتەن بەك ئۈتۈقلۇق بولدى.

مەھمۇت شىجاڭ ھەممىمىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىر-ئىككى كۈن دەم ئېلىڭلار، ئەمدى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھېچكىم سىلەرگە كاشىلا قىلمايدۇ » دېدى. بىز يەنە چاۋاك چالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى دوكلات يىغىنىمىز تامام بولدى.

بىزنى شۇ قوماندانلىق ئىشتاب ھويلىسىدا بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ياخشى تاماق بېرىپ ئوبدان كۈتتى. بۇ بىر ئاخشامنى بىز ئىچ-ئىچىمىزگە سىغمىغان ئاجايىپ خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر ئارقا- ئارقىدىن كېلىپ بىز بىلەن پاراڭلىشىپ، قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. راستىنىلا بىز ئىشىمىز توختاپ قالارمىكىن دەپ قورققانىدۇق. ھەقىقەتەن كاشىلا كۆپەيگەن، ھەتتا ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش خەۋپىمۇ بار ئىدى. ئەمدى مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مەمتىلى ئەپەندىنى قوغدايدىغان ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەر بار. بۇ بۇيرۇق ۋە ئەسكەر بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ بولدى.

ئاتۇشقا قايتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى يېنىدىكى ئازنا مەسچىت

ھويلىسىدا ئامىمۋى يىغىن ئۆتكۈزدۇق. يىغىنغا ئاتۇشنىڭ ھەممە كەنتلىرىدىن دېگۈدەك ئاخۇنلار، بايلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە مەكتەپ ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، ئۈنىڭدىن باشقا ئاددى پۇقرالار قاتناشتى. بىز پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارمۇ قاتناشتۇق. ئون مىڭغا يېقىن كىشىلىك يىغىن بەك سۈرلۈك ئېچىلدى. مەسچىتنىڭ پېشايۋانىدا بىرمۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى تۇرۇشتى، پېشايۋاننىڭ ئالدىدا مەمتىلى ئەپەندى مىلتىقلىق ئىككى ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ كۈلگەن بىلەنمۇ مەجلىسنىڭ ئومۇمي كەيپىياتىدىكى جىددىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئاۋۋال مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتىنى ئوقۇپ ئاڭلاتتى، ئاندىن كېيىن ئۆزى قىسقىچە سۆز قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ خېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

*«ئاتۇشتىكى ئۆلىمايى ئىكرام، يۇرت كاتتىلىرىغا، جىمىكى پۇقرالارغا مەلۇم بولسۇنكى، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق بولۇپ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ھەرىكىتىنى باشلىشى كىشىنى خوش قىلىدىغان، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش. نادانلىقتىن ئويغىنىش ۋاقتى كەلدى، دۇنيادىكى باشقا ئەللەر بىزدىن جىق ئېشىپ كەتتى. ئەمدى كۆزىمىزنى ئاچمىساق، باللىرىمىزنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ. بۇ بىز ئاتىلارنىڭ ۋەزىپىمىز. مۇنداق بىر ياخشى ئىشقا ئاڭلىساق قارشىلىق بولۇۋېتىپتۇ، ھەتتا توسقۇنلۇق، تەھدىت سېلىش، مۇئەللىمەلەرنى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى تىللاپ، ھاقارەتلەش بوپتۇ، بۇنداق ئىشلارغا يول قويغىلى بولمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندىگە مەكتەپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇق بېرىلدى. كىمكى بۇ ئىشقا*





*قارشىلىق ياكى توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا مەيلى ئۇ قانداق چوڭ ئاخۇن بولسۇن، چوڭ باي بولسۇن، كىم بولسا بولسۇن ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. چوڭ - كىچىك پۈتۈن خالايىقمۇ مەمتىلى ئەپەندىگە ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*دەپ: شىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى»*

مەمتىلى ئەپەندى خەتنى ئوقۇغاندا، بەزى يۇرت كاتتىلىرىدا، قازى - ئەلەملەردە ھودۇقۇش ھەتتا قورقۇش كەيپىياتى كۆرۈلگەندىن باشقا، كۆپچىلىك ناھايىتى زور خۇشاللىق بىلدۈردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، خەلقمۇ مۇشۇنداق بىر چارىنى تەلەپ قىلىدىكەن. مەمتىلى ئەپەندى ئانچە ئۇزاق سۆزلىمىدى. ئۇ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتىنى ئىجرا قىلىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئاندىن كېيىن مەكتەپ، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشلاشنىڭ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. خەلقئارادا، قوشنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا، تۈركىيەدە، قېرىنداش ئولۇسلاردا ئىلىم - پەن، تېخنىكا چوڭ راۋاجلانغانلىقىنى مىسال قىلىپ سۆزلىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قارشىلىقلار توغرىسىدا گەپ قىلىپ، قارشى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىنساپقا كېلىپ، توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى ئېنىق ئېسىمدە :

«بىز ھەققانىي ئىش باشلىدۇق، قارشىلىقلاردىن قورقمايمىز، ئۆلسەكمۇ ئارقىغا يانمايمىز. مەن كۆپ ئەللەرنى ئايلىنىپ، مىللەت ئۈچۈن دەپ ئوقۇپ قايتىپ

كەلدىم. يەنە مىللەت ئۈچۈن مەكتەپ ، مەدەنىيەت، ئاقارتىش ئىشلىرىغا قەدەم قويدۇم. قارشىلىقلار بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، ھەتتا بىرەر كۈنى ئالتە پۇللۇق بىر قوغۇشۇن ئوق مېنىڭ كۆكرىكىمگە كېلىپ تېگىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ مەن كەينىمگە يانمايمەن. مەن مىللەت ئۈچۈن ئوقۇدۇم. مىللەت دەپ يۇرتۇمغا قايتتىم. مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. مەيلى قانچە ئاي، ھەتتا قانچە يىل خىزمەت قىلىپ مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولسام ئارمىنىم يوق...»

ئۇ بۇ سۆزنى ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. بېشىدىكى قىرغىز قالپىقىنى ئېلىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ، چوڭ ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەندە ئۇنىڭ يۈز گۆشلىرى ۋە قىسقا بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى. كېيىن بىرقانچە ئادەم سۆزگە چىقتى. بۇنىڭ ئارىسىدا قازى- مۇپتى، بەگ- باي، مەخسۇم- قاري، ئاتىلار ۋە ھەيئەت ئەزالىرىمۇ بار. ھەممىسى مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. بەزى «كالتە قۇيرۇقلار» ۋە تاغ ئارقىسىغا بېرىپ قايتقان زىيالىيلار قارشىلىق قىلغۇچىلارغا قارىتىپ قاتتىق تەنقىد ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

بىز ئوقۇشىمىزنى داۋام قىلدۇردۇق. ئاز ئۇخلاپ، ئاز دەم ئېلىپ، كاتتا تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇدۇق. غەيرىتىمىزگە غەيرەت، روھىمىزغا روھ قوشۇلدى. مەمتىلى ئەپەندى ئىككى ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، كەنتلەرنى ئايلىنىشنى كۈچەيتتى. ئاتىلار ھەيئىتى مەكتەپ





سېلىشنى چىڭ تۇتتى، ئۇلارغا پۇل توپلاشمۇ قىيىن بولمىدى. شۇنداق قىلىپ 1934- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئالتە ئايغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىز ئوقۇشىمىزنى تۈگەتتۇق. مەكتەپلەرمۇ پۈتتى. بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلدۇق. ئىمتىھان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۆلۈنۈشى، ئوقۇتۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەر قىلدۇق. 1935- يىلى يانۋارنىڭ باشلىرىدا مەكتەپلەرگە تاراپ خىزمەتلەرنى باشلىدۇق. تارىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مۇنداق بولدى: ھەممىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھېلىقى قەشقەر شەھىرىگە بارغاندەك روھ بىلەن يولغا چىقتۇق. ئاۋۋال ئوڭئېرىقتىن باشلاپ بىرلىكتە مېڭىپ، ھەربىر يېزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قالغانلىرىمىز يەنە داۋاملىق مېڭىپ كېتىمىز. قالغانلار ئوڭئېرىقتىن مېڭىپ لەڭگەر، مېي، ئىشتارچىنى ئايلىنىپ ئاخىرى ئاستىن ئاتۇشنىڭ ئايىغىدىكى كېچىڭىز، ۋاقۋاققا بارغاندا ئىشىمىز تۈگىدى. بۇنىڭغا ئۈچ- تۆت كۈن ۋاقىت كەتتى. بىزنىڭ بۇ ۋەزىپىگە تارىلىشىمىزنىڭ ئۆزى چوڭ بىر تەنتەنىلىك مائارىپ تەشۋىقات ھەرىكىتى بولدى. يۇرتلارغا كىرگەندە خەلقلەر زور قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. بىز قاتار تىزىلىپ شېئىر ئوقۇپ، ھەربىيلەرچە قەدەم بىلەن ئالغا باسىمىز. ئالدىمىزدىكى دۇمباق، سۇنايلار كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىز ئېيتقان شېئىرنى مەمتىلى ئەپەندى يازغا بولۇپ، تولۇق تېكىستى

مۇنداق:

بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپ - يورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.

ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسىلغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلەنگەي ئىناۋىتىمىز.

مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

مەن تىجەن مەكتەپكە مۇدىر ھەم مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلەندىم. يەنە تۆركۈللۈك ئابدۇلبارى ۋە ئابدۇرېشىت دېگەن ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بىز ئەنە شۇنداق تىزلىپ، شېئىر ئوقۇپ بارغاندا مەكتەپ ئالدىدا، كوچىلاردا





نۇرغۇن ئادەملەر قارشى ئالدى. تىجەن مەكتەپ ئەھمەت ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيى ئالدىدا بىر كۆل بويىغا سېلىنغان، ئىككى سىنىپ، بىر مۇئەللىملەر ياتىقى، يەنە بىر ئاشخانىسى بار ئىدى. ئەھمەت ھاجىم تىجەندىكى ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. بىز قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، سىنىپقا كىرسەك يورۇق، يېڭى ئۆيدە رەتلىك پارتىلاردا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار دەس تۇرۇپ، ئوڭ قوللىرىنى بېشىغىچە كۆتۈرۈپ، بىزنى قارشى ئالدى. تېخى ئوقۇش باشلىمىغان، مەكتەپمۇ كۆرمىگەن باللارنىڭ مۇنداق تەرتىپلىك بولۇشى بىزنى ھەيران قالدۇردى. كېيىن ئاڭلىساق، مەمتىلى ئەپەندى باللارغا ئۆگىتىپ چىققانىكەن. ھەر سىنىپقا بىردىن سىنىپ باشلىقى تەيىنلەپ باللارنى تەرتىپكە ساپتىكەن. مەمتىلى ئەپەندى بىز ئۈچىمىزنى باللارغا تونۇشتۇرۇپ، «ياخشى ئوقۇڭلار» دەپ چىقىپ كەتتى. مەن شۇ يەردىلا دەرسنى باشلىدىم. ئاۋۋال ئۇستەل ئۈستىدە تۇرغان دەپتەردىكى تىزىمدىن باللارنى يوقلىما قىلدىم. ئاندىن كېيىن قارا تاختىغا «ئا.ب» ئىككى ھەرپنى يېزىپ ئۆگىتىشكە باشلىدىم. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ مۇئەللىملىك ھاياتىم باشلاندى.

مەكتەپكە يېزىلىدىغان باللار كۆپىيىشكە باشلىدى. سىنىپلار يېتىشمىدى. بىز ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تىجەننىڭ يۇقىرى مەھەللىسىگە چوڭراق مەكتەپ سالدۇق. بىز ئىككى مەكتەپ ئارىلىقىدا يۈرۈپ دەرس ئۆتىمىز، باللارغا دەرس ئۆگىتىش، مەكتەپ

سىرتىدا ئۇلار بىلەن مەشغۇلات قىلىش بەك كۆڭۈللۈك ئىدى. ھەر خىل باللار ئويۇنلىرىنى ئوينىغاندا بىزمۇ ئارىلىشىپ كېتىپ، دەرسنىمۇ يادىمىزدىن چىقىرىپ قويىمىز، باللارمۇ بىزنى ياخشى كۆرۈدىغان بولۇپ قالدى. ئاتا ـ ئانىلارمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلارنى چاقىرىپ مەجلىسلەرنى ئېچىپ تۇرىمىز.

مۇشۇ خىلدا پۈتۈن ئاستىن ئاتۇشتا، ھەممە مەھەللىلەردە يېڭى مەكتەپ، يېڭى كەيپىيات، يېڭى روھ كۆتۈرۈلدى. خەلق ئىنتايىن خوش بولدى. لېكىن، قارشىلارمۇ قارشىلىقنى توختاتمىدى. ئەمدى ئۇلار يوشۇرۇن قارشىلىق قىلغىلى تۇردى. قوناقلىقتىن ياكى تام ئارقىسىدىن تاش ئېتىش، يوشۇرۇنچە مەكتەپ دېرىزىلىرىنى چېقىۋېتىش، ئاتا ـ ئانىلارغا تەھدىت سېلىپ باللىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتكۈزمەسلىككە ئوخشاش ھەرىكەتلەر ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. لېكىن، ئۇلار توسىيالمىدى. خەلق بارغانچە بىزنى قوللاپ كەتتى. بولۇپمۇ مەھمۇت شىجاڭ بەرگەن ئىككى قوراللىق ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئابرۇيى ئۇلارنى بېسىپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ھامان يۇرت ـ يۇرتنى ئايلىنىپ تەشۋىقات قىلاتتى. ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مەكتەپنى كېڭەيتىش ئىشلىرىنى توختاتمايتتى. مۇئەللىملەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى بولسا ئۇ بىرقانچە يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى بىر مەكتەپكە





يىغىپ ئۆزى قوشۇمچە دەرس ئۆتەتتى، ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئۆگىتەتتى.

شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك يالغۇز ئاتۇشتىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تارىخىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان مۇھىم بىر ۋەقە بولغان. ئۇ كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتىغا ئۇل سېلىپ بەردى. مەمتىلى ئەپەندى پۈتۈن ھاياتىنى مەكتەپ ئىشلىرىغا، مىللەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئىدى، ئۇ قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ تۈرلۈك قارشىلىقلار بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا ئاشۇنداق كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. بىراق ئارىدىن ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ 1937 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلاندى. ئۆزى ئالدىن ئېيتقاندەك ئالتە پۇللۇق قوغۇشۇن ئوق بىلەن ئەمەس، ياتقان تۈرمىسى بىلەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ياتقان تۈرمىنىڭ تاملىرىغا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ئىكەن، ئەپسۇسكى بۇ نەرسىلەر ھازىر قولىمىزدا يوق. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلگەندىمۇ ئېچىنىشلىق ئۆلدى. بىراق ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ يىللىق ۋاقىت ئىچىدە تىرىشىپ، جاپالىق كۈرەش بىلەن مەيدانغا چىقارغان مەكتەپ تەرەققىياتى يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا، خەلققە ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى ۋە كېيىنكى مەكتەپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ئاساس سېلىپ



سادىق مۇسا
(1952 ـ 1912)



بەردى. شۇڭا ئازادلىقتىن كېيىن ئاتۇشنىڭ مائارىپتا باشقىلاردىن ئىلگىرىرەك مېڭىشىنى ئىككى قېتىملىق بولۇپمۇ ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.



# سادىق مۇسا

سادىق مۇسا 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتى باسمائىبرىق مەھەللىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سادىق مۇسانىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى داڭلىق بوياقچىلىق ئۇستىلىرى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ئاق ماتانى ھەر خىل رەڭدە بوياپ، گۈللەرنى بېسىپ كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئىستېمالىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان داڭلىق ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستىلىرىدىن ئىدى. 1890 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللانغان زامانىۋى ئىگىلىك يارىتىش، دەسلەپكى مىللىي سانائەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەل باغلىغان مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان تاشئاخۇنۇم ۋاقۋاقتا بوياقچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ، بىر قىسىم بوياقچىلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن. سادىق مۇسانىڭ دادىسى مەتمۇسا ئۇستام ۋە ئەبەيدۇللا ئۇستام، ھوشۇر سوپى، رېھىم سوپى (بۇلار سادىق ئەپەندىنىڭ تاغىلىرى) قاتارلىقلار تاشئاخۇنۇم قۇرغان بوياقچىلىق كارخانىسىنىڭ ئۇستىلىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە بىر ئۆمۈر ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ يىراق ـ يېقىندا نامى بار بوياقچىلىق ئۇستىكارلىرى بولۇپ تونۇلغان. شۇڭا بۇ

جەمەتنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ۋاقۋاقتا «باسما ئۇرۇقى» دېگەن نامى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

سادىق مۇسا ئون ياشتىن ئاشقاندا تاغىسى موللا مۇھەممەت خەلپىتىمدىن دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىغان. موللا مۇھەممەت خەلپىتىم شۇ زامانلاردا خېلى مۆكەممەل دىنىي بىلىمگە ئىگە كىشى بولۇپ، 1894-يىلى ۋاقۋاقتا قۇرۇلغان تاشئاخۇنۇم مەكتىپىنى بازا قىلىپ بالىلارغا دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارغان. سادىق مۇسا بىر قانچە يىل تەربىيە قوبۇل قىلىپ مۇئەييەن دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان. ئۇ 15 ياشتىن ئاشقاندا، دادىسى مەتمۇسا ئۇستامنىڭ بوياقچىلىق كەسپىگە ھەمكارلىشىپ، بۇ ھۈنەرنى پىششىق ئىگىلىگەن. 1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا، سادىق مۇسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلغار ياشلار قاتارىدا بۇ كۇرسقا تىزىملىتىپ ئالتە ئاي ئۈچئېرىقتىكى مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن بۆگەن كەنتىدىكى (باشبۆگەن) باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلىنغان. 1935-يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشنىڭ ئۈچئېرىق، سۇنتاغ، ئۇنتۇساق، بۇيامەت ۋە كۆكۆل كەنتلىرىدە قىزلار سىنىپى ئېچىپ قىزلارنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەرگەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەمتىلى ئەپەندى





سادىق مۇسانى بۆگەن مەكتەپتىن كۆكۆلدە ئېچىلغان قىزلار مەكتىپىگە مۇدىر قىلىپ يۆتكىگەن.

سادىق مۇسا 1937-يىلى 1-ئايدا ۋاقۋاقنىڭ ئۈيكوچا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھېمىت يىگىت بېشى دېگەن كىشىنىڭ قىزى، سۇنتاغ قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى سوفىيە خانىم بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، سوفىيە خانىمنى كۆكۆل قىزلار مەكتىپىگە يۆتكەپ كەتكەن. مەمتىلى ئەپەندى 1935-يىلى 3-ئايدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزلار سىنىپىغا ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش مەقسىتىدە، سۇنتاغلىق باي يۈسۈپ ھاجىمنىڭ قورۇسىدا قىسقا مۇددەتلىك ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، تاشئاخۇنۇم رۇسىيەنىڭ قازان شەھرىدىن تەكلىپ قىلىپ كەلگەن تاتار زىيالىيسى سالاھىدىن ئەپەندىنىڭ ئايالى مۇشفىقە خانىمنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. سوفىيە خانىم بۇ كۇرستا ئوقۇپ سۇنتاغ قىزلار مەكتىپىگە خانىم (مۇئەللىم) بولغان. (سوفىيە خانىم ھازىر ئاقسۇ شەھىرى خەلق مەيدانى يېنىدىكى گۈللۈك ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى 24-بىنا 2-ئىشىك 102-ئۆيدە بالىلىرى بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ)، سادىق مۇسا 1938-يىلىغىچە كۆكۆل قىزلار مەكتىپىدە ئىشلەپ، 1938-يىلى يازدا ئايالى سوفىيە خانىم بىلەن بىللە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر يېتىم-يېسىرلار مەكتىپى (دارىلئېيتام) گە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەلگەن. بۇ ئەر-ئايال ئاقارتقۇچىلار 1941-يىلىغىچە ئىگە-چاقىسىز بالىلارنىڭ

تەربىيەلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىپ، دىلى سۇنۇق ئەۋلاد قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغان.

1941 ـ يىلى سادىق مۇسا ئاتۇشقا يۆتكىلىپ چىقىپ، 1945 ـ يىلىغىچە تۆركۈل مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئايالى سوفىيە خانىم سۇنتاغ قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1945 ـ يىلى قورچاق ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سادىق مۇسا ۋاقۋاقنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ 1949 ـ يىلىغا قەدەر يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. 1949 ـ يىلى بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 40 يېشىدا ۋاقۋاقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.





سايىم مەتىمىن
(1977 ـ 1908)

# سايىم مەمتىمىن

سايىم مەمتىمىن (موللا سايىم مەمتىمىن) 1908 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتى ئارامەھەللىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1920 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇ 12ياشقا كىرگەندىن كېيىن بۇيامەتلىك يۇسۇپ ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىدىن ئۈچ يىل دىنىي تەلىم ئالغان. سايىم ئەپەندىنىڭ دادىسى مەمتىمىن ئاخۇن دېگەن كىشى شۇ يىللاردا دېھقانچىلىقتىن باشقا يەنە قوشۇمچە خام مال (يۇڭ، تېرە) تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاتۇش ـ قەشقەر ئارىلىقىدا سودا قىلىپ تۇرغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە زىيالىيلار تەشەببۇس قىلىپ يولغا قويۇۋاتقان دىن بىلەن پەننىي دەرسلەر بىرلىكتە ئۆتۈلىدىغان مەكتەپلەرنى كۆرگەن مەمتىمىن ئاخۇن ئاكا 1923 ـ يىلى ئوغلى سايىم مەمتىمىننى قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا ئەكىرىپ بەرگەن. خانلىق مەدرىسەدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي مەرىپەت بۆشۈكىدە ئوقۇش پۈرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەن سايىم مەمتىمىن بارلىقىنى ئوقۇشقا قارىتىپ، ئىلغار ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلار بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. مەدرىسەدە ئوقۇشنى

داۋاملاشتۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1924 - يىلى پۈتكۈل شىنجاڭنى زىل - زىلىگە سالغان، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، ئالىم، مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇقادىر دامولللامنى قەتل قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچى تالىپلار، پۈتۈن قەشقەر ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمگەن. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەدىن كېيىن سايىم مەتىمىن خانلىق مەدرىسەدىكى ئوقۇشىنى تاشلاپ ئاتۇشقا قايتىپ چىققان. 1925 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئىنىسى جۇمەئاخۇننى دادىسىغا ھەمكارلىشىپ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئاكىسى يۈسۈپ بىلەن بىللە دادىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان.

1934 - يىلى مەتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، ئاتۇشنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدە يېڭىچە مەكتەپلەرنى سالدۇرۇپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش ئۈچۈن ئىلغار ياشلارنى تىزىملىغاندا، سايىم مەتىمىن جەڭگىۋار ياشلار قاتارىدا ئوقۇشقا تىزىملاتقان ۋە ئالتە ئايلىق بۇ كۇرستا ئوقۇغان. سايىم مەتىمىن مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان ئىزچىلار ئىچىدە يېشى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئىزچىنىڭ بىرى بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە مەتىلى ئەپەندىدىن تەلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەتىلى ئەپەندى بېجىرىۋاتقان تۈرلۈك ئىشلاردا





ئۆزئارا پىكىرلىشىپ يېقىندىن ياردەمدە بولغان. 1935 - يىلى يانۋاردا مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەتىلى ئەپەندى سايىم مەتىمىننى ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتىگە سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇ بىر يىلغا يېقىن مېيى مەكتەپتە ئىشلەپ 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئازاق باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكەلگەن. 1938 - يىلى ئازاقتىكى ئوقۇغۇچىلار تىجەن مەكتەپكە يىغىپ باشقۇرۇلغاندىن كېيىن، سايىم مەتىمىن مەشھەد قۇمباغ مەكتەپكە تەڭشەلگەن. ئۇ 1943 - يىلىغىچە مەشھەدتە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. شۇ يىلى يازدا ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەت سايىم مەتىمىننى بۇيامەت كەنتى تەۋەسىدىن ئۆشرە، بايلار بەرگەن زاكات، ۋەخپە يەرلەرنىڭ كىرىمى ۋە قۇربانلىقنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنى يىغىپ، مائارىپ راسخوتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كىرىم مەنبەسىنى يىغىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغان. ئۇ 1949 - يىلىغىچە بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاتۇشتا مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ مائارىپنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى مائارىپنى، مەكتەپلەرنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى قوللاشقا ۋە ھىمايە قىلىشقا سەپەرۋەر



قاسىم ئوسەن
(1970 ـ 1908)



قىلغان. 1950 ـ يىلىدىن كېيىن سايىم مەمتىمىن ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1977 ـ يىلى 69 يېشىدا بۇيامەتتە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# قاسىم ئۆسەن

قاسىم ئۆسەن (ئەل ئارىسىدا ئومۇملىشىپ قالغان ئىسمى قاسىم تاراق) 1908 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئونتىساق كەنتى پەيتار مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق مەزگىللىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاكىسى ماللىشۇ (موللا ھوشۇر) خەلپىتىمدىن دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىغان.

موللا ھوشۇر خەلپىتىم ئۆز زامانىسىدا دىنىي جەھەتتىن مۇكەممەل بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە كىشى بولۇپ، شورۇقلۇق تاھىر خەلپىتىم بىلەن بىرلىكتە شورۇق تەۋەسىدە دەسلەپكى ئىپتىدائىي مەدرىسەلەرنى ئېچىپ ۋە ئۇنى يۈرۈشتۈرۈپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان، تەسىرى چوڭ كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

مەشھۇر مائارىپچى مەتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغاندا، موللا ھوشۇر خەلپىتىم باشقا يۇرتداشلار بىلەن ئىدىيە بىرلىكى ھاسىل قىلىپ، مەتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوللاپ، بۇ مەرىپەتچىلىك، ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان. موللا ھوشۇر خەلپىتىم ئىنىسى قاسىمغا دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىش بىلەن بىللە، پەقەت بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىقلا دۇنياغا ۋە

كىشىلىك ھاياتقا بولغان تونۇش ۋە بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، مىللەت ۋە خەلقنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەچكە، بۇ خىل تەربىيەلىنىش مۇھىتى قاسىم ئۇسەننىڭ ئىلغار ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراشقا ئىگە ياشلاردىن بولۇپ يېتىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، قاسىم ئۇسەن ئىلغار ياشلار قاتارىدا كۇرسقا قاتنىشىپ، ئالته ئاي زور ئىشتىياق بىلەن تىرىشىپ ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا بۇ كۇرس ئوقۇش پۈتكۈزگەندە مەمتىلى ئەپەندى قاسىم ئۇسەننى مەشھەد مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. شۇ يىلى يازدا ئۇ ئونتىساق كەنتىدە قۇرۇلغان قىزلار مەكتىپىگە مۇدىر بولۇپ يۆتكەلگەن. ئاتۇشنىڭ ئونتىساق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق موللا ياقۇپ ھاجى (بۇ كىشى ھازىر ئاتۇش شەھىرىدىكى تاشبۇلاق تاللا بازىرىنىڭ ئالدىدا كىتاب ـ ژۇرنال يايمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ) ئاكىنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، مەمتىلى ئەپەندى 1935 ـ يىلى يازدا ئونتىساق كەنتىدىكى «بەخشەندى غوجام» خانىقاسى يېنىغا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، قىزلار سىنىپى ئاچقان. بۇ مەكتەپكە شورۇق، تەختىيۇن ۋە ئونتىساق تەۋەسىدىكى قىزلار كېلىپ ئوقۇغان. 1937 ـ





يىلى 5 ـ ئايدا مەمتىلى ئەپەندى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، مائارىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە تەھدىت پەيدا قىلىشى سەۋەبلىك ئونتىساقتىكى قىزلار سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشقا ئامالسىز قالغان. مەكتەپ تاقالغان. شۇنىڭدىن كېيىن قاسىم ئۇسەن تەختىيۇن باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1939 ـ يىلى تەختىيۇن مەكتەپ شورۇق مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ ئىككى مەكتەپ بىرلەشكەندە، ئۇ شورۇق قەدىمجاي مەكتەپكە كېلىپ، 1942 ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. 1942 ـ يىلى مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، شورۇق ۋە ئونتىساق تەۋەسىدىن مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆشرە ـ زاكات، ۋەخپە يەرلەرنىڭ كىرىمى قاتارلىقلارنى يىغىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. 1944 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات، تەشكىللەش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھەرىكەت قىلغانلىق سەۋەبلىك 1947 ـ يىلى خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ۋە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك مىلىچ ماللار شىركىتىگە



مۇھەممەت قارىي مەشرەپ
(1913 ـ 1981)



خىزمەتكە چۈشۈپ، 1957 ـ يىلىغىچە شىركەتنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1957 ـ يىلى تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجىغا چىقىپ كېتىپ غۇلجا ۋە بورتالالاردا ئىككى يىل تۇرۇپ، 1959 ـ يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1960 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ يەنە بورتالاغا چىقىپ كېتىپ داخىيەنزى بازىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېيىنكى ئۆمرىدە دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مەرھۇم ئىزچى قاسىم ئۇسەن 1970 ـ يىلى 62 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن داخىيەنزىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مۇھەممەت قارىي مەشرەپ

مۇھەممەت قارىي مەشرەپ (مۇھەممەت ھوسۇيۇن) 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ سۈنتاغ كەنتىدە كاتتا باي سودىگەر ئىمىن ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەت قارىينىڭ دادىسى ئىمىن ھاجىم ئۆز زامانىسىدا ئاتۇش ۋە قەشقەر تەۋەسىدىن ھالقىپ شىنجاڭ تەۋەسىدە تەسىرى چوڭ، ئالدىنقى قاتاردىكى باي سودىگەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى يىللاردا قەشقەردە «ئىتتىپاق» نامىدىكى سودا شىركىتىنى قۇرۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىركەتنىڭ تىجارىتىنى تاشكەنت، ئەنجان، توقماق قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىن ھىندىستان، كەشمىر رايونلىرىغا قەدەر كېڭەيتىپ، «ئىتتىپاق»نى دۆلەت ھالقىغان شىركەت قىلىپ قۇرۇپ چىققان. كېيىن ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆزى قۇرغان شىركەتنىڭ نامى بىلەن «ئىتتىپاق ئىمىن ھاجىم» دەپ سۈپەتلىنىپ، ئاشۇ مۇبارەك نام بىلەن ئەۋلادلار خاتىرىسىدىن ئورۇن ئالغان.

ئىمىن ھاجىم سودا ئىشلىرى بىلەن داۋاملىق سىرتلاردا يۈرۈپ ئائىلىدە تۇرىدىغان ۋاقتى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىلارنى تەربىيەلەپ چوڭ قىلىش ئىشى ئايالى نىيازخانىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن. نىيازخان شۇ زامانلاردا

ئاتۇشتا تەسىرى زور ئەمەتقۇل ھاجى ۋە ھۈسەيىن ھاجىلارنىڭ سىڭلىسى ئىدى. نىيازخاننىڭ ئاكىسى ھۈسەيىن ھاجىم قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇپ، دىنىي ۋە پەننىي جەھەتتىن يېتىشكەن، ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ، پىكرى ئوچۇق، يېڭىلىق تەرەپدارلىرىدىن ئىدى. مۇھەممەت قارىينىڭ بالىلىق چاغلىرى ئەنە شۇ ھۈسەيىن ھاجىمنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆتكەن. مۇھەممەت قاريي ھۈسەيىن ھاجىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى نەتىجىسىدە 17 ياشقا كىرگەندە قارىيلىقتىن ئۆتكەن. ناۋايى، مەشرەپ قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ شېئىر ـ داستانلىرىنى يادقا ئېلىپ ئوقۇپ، بۇ بۈيۈك شەرق ئالىملىرىنىڭ گۇمانىستىك ۋە سوپىزملىق ئىدىيەسى بىلەن تونۇشقان. ھۈسەيىن ھاجىم تەمبۇر چېلىشقا ئۇستا، خۇشئاۋاز كىشى بولۇپ، مۇھەممەت قارىيغا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى سازلىرىنى چېلىشنىمۇ قوشۇمچە ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىگە پۇختا ئاساس سالغان. بۇ خىل ئەتراپلىق تەربىيەنىڭ تۈرتكىسىدە مۇھەممەت قاريي پەقەت يېتىشكەن قاريي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەسىلىلەرگە گۇمانىي قارايدىغان، يېڭىلىقنى، ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان ياش بولۇپ يېتىلگەن. ياشلار ئارىسىدىكى سورۇن، مەشرەپلەردە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ، دەۋرداشلىرى ئارىسىدا خېلى تەسىرى بار ياشلار قاتارىدا تونۇلغان.





1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ ئوڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا مۇھەممەت قاريي ئىلغار ياشلار قاتارىدا ئوقۇشقا كىرگەن. ئالتە ئاي ئوقۇش جەريانىدا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. كۇرستا ئوقۇش جەريانىدا ئۇ تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ، ناۋايى، مەشرەپلەرنىڭ كىلاسسىك شېئىرلىرىنى يادلاپ، كىلاسسىك مۇزىكىلارنى چېلىپ، ئىزچى ساۋاقداشلىرى ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆچلۈك دىققىتىنى تارتقان. مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئىزچىسىنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا «مەشرەپ» دېگەن چىرايلىق تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغان. مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى مۇھەممەت قاريي مەشرەپنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتۇش مەشھەتتە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. مۇھەممەت قاريي مەشرەپ يېڭىچە مائارىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ، ئۆزى بىلەن بىرگە تەقسىم قىلىنغان، ئوقۇتقۇچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، مەشھەت مەكتەپنى ئوقۇتۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە كۆزنەك مەكتەپكە ئايلاندۇرغان. 1935 ـ يىلى ئاپرېلدا تەختىيۈن كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى كەگرى سايلىق

(ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئورنى) تا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر قايسى كەنتلەردىكى مەكتەپلەر قاتناشقان تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە، مەشھەد مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاممىۋى پاراتتىن ئۆتۈش مۇسابىقىسىدە كۆرسەتكەن نومۇرى نەچچە مىڭلىغان پائالىيەت كۆرگۈچى ئاممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، مۇھەممەت قارىي مەشرەپ يېتەكچىلىكىدىكى مەشھەت مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

1935-يىلى 11-ئايدا مۇھەممەت قارىي مەشرەپ تاغىسى ئەمەتقۇل ھاجى ۋە مەخمۇت سىجاڭلارنىڭ ياردىمىدە ئىككىنچى تۈركۈم چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان سەيپىدىن ئەزىزى باشلىق 12 نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا قەشقەردىن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ تاشكەنتكە بارغاندىن كېيىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. 1937-يىلى 8-ئايدا تاشكەنتتىكى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. 11-ئايغىچە شېڭ شىسەي ئورۇنلاشتۇرغان سىياسىي كۇرسقا قاتناشقان. بۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادەم بولۇپ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كېلىشىدە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان كۆيۈمچان تاغىسى





ھۈسەيىن ھاجىمنىڭ 1937-يىلى شېڭ شىسەينىڭ قانلىق باستۇرۇش سىياسەتلىك ھەرىكىتىدە تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خەۋىرىنى ئۇقۇپ قاتتىق ئازابلانغان. جاللات شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈچۈن قول چوماق بولۇۋاتقان يەرلىك رەزىل كۈچلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشقان. سىياسىي كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شىڭ شىسەي مۇھەممەت قارىينى ئۈرۈمچىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلغان. 1937-يىلى 12-ئايدا مۇھەممەت قارىي سەيپىدىن ئەزىزى ۋە ئابلىمىت مەخسۇت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە چۆچەككە بېرىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۇ چۆچەككە بارغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىللە چۆچەك گېزىتخانىسىغا ئورۇنلاشقان. ئۇ گېزىتخانىدا ئىشلەش جەريانىدا تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن، گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىق قىلىدىغان ماقالىلارنى يېزىپ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقىتىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىش كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەت قارىينىڭ ھەرىكىتى شېڭ شىسەي دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇنىڭغا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلگەن. بۇ خىل ئەھۋالدا چۆچەكتە

داۋاملىق تۇربۇبىرشىنىڭ خەتەرلىكلىكىنى جەزىملەشتۈرگەن مۇھەممەت قارىي 1942-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مىڭ بىر مۇشەققەتتە غۇلجىغا، كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.


1943-يىلىدىن 1947-يىلىغىچە ئۇ قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلغان. 1947-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1950-يىلىدىن 1954-يىلىغىچە ئايالى تەلەيخان (تەلەيخان ئۆزبېك ئايال بولۇپ، ھازىر 83 ياشتا، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 6-كەنت 1-مەھەللىدە ئولتۇرىدۇ) بىلەن بىللە كونا شەھەر ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1954-يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنات-سودا كوپېراتىپىغا يۆتكىلىپ، 1958-يىلىغىچە پىرىكازچىك بولۇپ ئىشلىگەن. 1958-يىلى مۇھەممەت قارىي «سول» چىل لۇشيەن خاتالىقىنىڭ تەسىرىدە قارىلىنىپ قولغا ئېلىنغان ۋە 1962-يىلىغىچە تۆت يىل تۈرمىدە جازا مۇددىتى ئۆتىگەن. 1963-يىلى ئۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىلىق مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 1966-يىلى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق باشلانغاندا مۇھەممەت قارىي قايتىدىن تارتىپ چىقىلىپ، «چەتكە باغلانغان» دېگەن بەدنام بىلەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن ھەيدەلگەن. قەشقەر شەھىرى تار





بوغۇزدىكى خۇمدان (خىش زاۋۇدى) دا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. 1970-يىللىرى ئۇ ئېغىر ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقتىن، ئەمگەك مەيدانىدىن ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان. دادىسى «ئىتتىپاق ئىممىن ھاجىم» دىن قالغان قەشقەر خام بازىرى ۋە قوغاندىكى ئۆي-زېمىنلىرى مۇسادىرە قىلىنغان بولغاچقا، بۇ شانلىق ئىزچى 1981-يىلىغىچە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ۋەخپە ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، بىر مەزگىل قەشقەردىن ئېشەك ھارۋىسى ۋە ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ كامىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى يۇدۇپ، پىيادە يول يۈرۈپ ئاتۇشقا ئېلىپ چىقىپ سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. كېيىنچە جىسمانىي قۇۋۋىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبلىك، قەشقەر بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدىكى جاپالىق ئۇششاق ئوقەتچىلىكنى توختىتىپ، ھېيتگاھ جامەسى يېنىدىكى كىچىك ۋەخپە دۇكاندا باشقىلارنىڭ خەت-چەك، ئالاقە، ئەرز-شىكايەتلىرىنى يېزىپ بېرىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، «مەرىپەت مارشى» نى جاراڭلىق ياڭرىتىپ، مىللەتنى نادانلىق ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، چېگرا ئاتلاپ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئۇستاز ئىزچى مۇھەممەت قارىي مەشرەپ



مۇھەممەدىن توختى
(1910 ـ 1997)



1981 ـ يىلى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ 16 ـ نومۇرلۇق ۋەخپە ئۆيىدە 68 يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان. قەشقەر ئايرودۇرۇم مەسچىتىنىڭ خاتىپى، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ۋەخپە ئۆيىدە ئولتۇرۇشلۇق سەيپۇللا قارىي ھاجىمنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئۇزۇن مۇددەت مۇھەممەت قارىي مەشرەپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان، قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگىراف ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق پىشقەدەم زىيالىي، مەتلى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ چوڭ ئوغلى نېمىتۇللا نىزامىدىن ئاكا مۇھەممەت قارىي مەشرەپنىڭ مېيىت نامىزىغا داخىل بولغان كىشىلەرگە مەرھۇمنىڭ ھايات مۇساپىسىنى تونۇشتۇرۇپ تەزىيە نۇتقى سۆزلىگەن (تولىمۇ ئەپسۇس، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ تەزىيە نۇتقىنىڭ ئارگىنالىنى تېپىش مۇمكىن بولمىدى). مېيىت نامىزىغا قاتناشقان قانچە يۈزلىگەن جامائەت مۇھەممەت قارىي مەشرەپنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى مۇشۇ ۋاقىتتا چۈشىنىپ يەتكەن. مەرھۇمنىڭ مېيىتى جامائەت تەرىپىدىن دەبدەبىلىك ئۇزىتىلىپ، قەشقەر سەمەندىكى قەدىمىي قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.

# مۇھەممەدىن توختى

مۇھەممەدىن توختى 1912-يىلى ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتى ئازنا مەسچىت مەھەللىسىدە توختى ئىسلام ئىسمىلىك ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەدىن كىچىك ۋاقتىدا ئاتا- ئانىسى ئاجرىشىپ كېتىپ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان. ئانىسى سېكىنىخان بۇۋىم ئاتۇش تۆركۆللۈك ئايال بولۇپ، ئوچۇق پىكىرلىك، پەرزەنتلىرىگە مەسئۇلىيەتچان ئايال ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ چوڭ بولغانسېرى خىيالچان، كۆپ نەرسىلەرنى سورايدىغان بولۇپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بالىلىق مەزگىلىدىن باشلاپلا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇش، باشقىلارغا يامانلىق قىلماسلىق تەرەپلەردىن ئادىمىيلىك تەربىيەسى بېرىشنى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مەزمۇنى قىلغان. ئانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە يارىشا مۇھەممەدىنمۇ ئەقىللىق، زېرەك چوڭ بولغان. ئۇ 14 ياشقا كىرگەندە تۆركۆل ئازنا مەسچىت يېنىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق دىنىي زاتلاردىن تەلىم ئالغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا،

مۇھەممەدىن توختىمۇ ئىلغار ياشلار قاتارىدا بۇ كۇرستا ئوقۇشقا تىرىشىپ ئالتە ئاي ئوقۇغان. كۇرستا ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مۇنەۋۋەر ئىزچىلارنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى مۇھەممەدىن توختىنى ئاتۇش تۆركۆل باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇ ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا، ئىلىم ـ پەن ئۆگەنگەندىلا جاھالەتتىن، زۇلۇمدىن ۋە خار ـ زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدىيەنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. 1935 ـ يىلى كۈزدە مۇھەممەدىن توختى سۇنتاغ قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى خېنىم خانىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. خېنىم خانىم سۇنتاغلىق تەرەققىيپەرۋەر باي ھامۇت ئابلا دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى قىز پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە 1935 ـ يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ، سۇنتاغلىق كاتتا باي يۈسۈپ ھاجىمنىڭ قوراسىدا قىسقا مۇددەتلىك ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقان. خېنىم خانىم بۇ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا قاتنىشىپ، مۇشىپىقە خانىم





(مۇشىپىقە خانىم، تاشئاخۇنوم 1894 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ قازان شەھىرىدىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن تاتار زىيالىيسى سالاھىدىن ئەپەندىنىڭ ئايالى) نىڭ قولىدا ئالتە ئاي تەربىيەلىنىپ ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن، سۇنتاغ كەنتىدە ئېچىلغان قىزلار سىنىپىغا ئوقۇتقۇچى بولغان. جىسمىدا مەرىپەتچىلىكنىڭ يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم ئېتىشكە ھازىرلانغان بۇ ئىككى ياش، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك ۋەزىپىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، 1938 ـ يىلىغىچە تۆركۆل ۋە سۇنتاغدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

1937 ـ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەينىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىلغار زىيالىيلارغا زەھەرلىك قولىنى سۇنغان پەيتتە، مۇھەممەدىن توختى پەقەت ھايات قالغاندىلا ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ۋە مىللەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىپ، 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن ۋە غۇلجا شەھەر قارا دۆڭ مەھەللىسىدىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇراقلاشقان. دەسلەپتە ئۇ ئاتۇشتىن چىققان سودىگەرلەر بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇ

جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى، شىڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشەببۇسلىرى ۋە يېڭىچە مائارىپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئاممۇۋىي ئويغىتىش خاراكتېرلىق تەشەببۇسلىرى بىلەن جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شەخسكە ئايلانغان. 1942 - يىلىدىن باشلاپ مۇھەممەدىن توختى ئىلىدىكى ئىلغار ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، گومىنداڭ ۋە شىڭ شىسەيگە قارشى تەشۋىقات ۋە ئويغىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1943 - يىلى غۇلجىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدا «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ، قوراللىق كۈرەشنىڭ تەييارلىقى ھازىرلىنىشقا باشلىغان. مۇھەممەدىن توختى بۇ تەشكىلاتنىڭ تەشەببۇسلىرىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان. بارلىقىنى ئىنقىلاب ۋە ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، تەشكىلاتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۈرلۈك تەشۋىقات ۋە باشقا ۋەزىپىلەرنى نەتىجىلىك ئورۇنلاپ «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. 1944 - يىلى 11 - ئايدا نىلقا پارتىزانلىرىغا ماسلىشىپ غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق غۇلجىنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن.





1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا قوراللىق ھەرىكەت قوزغاپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پولك كوماندىرى سوپاخۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر پولك مىللىي ئارمىيە مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ، ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، گومىنداڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغاندا، مۇھەممەدىن توختى بۇ جەڭگىۋار قوشۇن تەركىبىدە مۇقەددەس ۋەزىپە ئۈچۈن داۋان ئېشىپ ئاقسۇغا چۈشكەن. جەنۇبىي يۆنىلىش مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش پىلانىغا ئاساسەن، مۇھەممەدىن توختى قوشۇننىڭ چارلىغۇچىلار ئەترىتى تەركىبىدە پۇقراچە كىيىنىپ، باي ناھىيەسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە قاتنىشىپ، سەزگۈرلۈك بىلەن ئەھۋال ئىگىلەپ، قوشۇننىڭ تالاپەتسىز ئىلگىرىلىشى ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان. باي گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، قوشۇننىڭ تەشۋىقات ئەترىتى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئىنقىلابنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئازاد رايونلاردا ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر

توغرىسىدىكى تەشۋىقات جەريانىدا، مۇھەممەدىن توختى ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ ئازادلىق، ئەركىنلىككە تەشنا مىڭلىغان خەلقنىڭ تەنتەنىسىگە جۆر بولغان. مىللىي ئارمىيە ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىش، ئاقسۇ يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۇرۇشلىرىدا مۇھەممەدىن توختى ھەر ۋاقىت ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ھەقىقىي بىر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى نامايان قىلغان. 1945-يىلى جەنۇبىي يۇرۇش مىللىي ئارمىيەسى بۇيرۇققا بىنائەن غۇلجىغا قايتقاندا مۇھەممەدىن توختىمۇ قوشۇن بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتقان.

1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ تەرەپ ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» تۈزۈلۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، مۇھەممەدىن توختى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسى بىلەن ئالتاي گېزىتى ئىدارىسىگە خىزمەتكە چۈشكەن. بىر مەزگىل بۇ ئورۇندا ئىشلەپ، 1946- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1947- يىلى گومىنداڭ تەرەپ «بىتىم» نى يىرتىپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغاندا، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئازاد رايون غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن ۋە 1949-يىلىنىڭ





ئاخىرىغا قەدەر ئىلى گېزىتى ئىدارىسىدە باش مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى پاش قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئازادلىق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك ماقالىلەرنى يېزىپ ۋە تەھرىرلەپ، ئازادلىقنى ۋە يېڭى تاڭنى كۈتىلگەن. 1950-يىلىدىن 1953-يىلىغىچە نىلقا ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1953-يىلىدىن 1958-يىلىغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ باشلىقى بولغان.

1958-يىلى قوزغالغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە، «سول» چىل خاتا ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە مۇھەممەدىن توختى ناھەق قارىلىنىپ قولغا ئېلىنغان، ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، كۈنەس ناھىيەسى قارابۇغرا كانچىلىق رايونى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا جازا مۇددىتى ئۆتىگەن. 1964-يىلى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ غۇلجا شەھىرى شەرقىي مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ، تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كەچۈرگەن. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇھەممەدىن توختى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى ۋە چوڭقۇر مەنالارغا باي، ئۆتكۈر پىكىرلىك پەندى-نەسىھەتلىرى بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن جامائەت



مۇھەممەت قارى ئەمەت(ئېلىيوف)
(1910 - 1992)



ئەربابى دەرىجىسىدە ھۆرمەتلىنىپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ مائارىپ-ئاقارتىش ئىشلىرى ۋە ئەركىنلىك، ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان شۆھرەتلىك ئىزچى، قەھرىمان مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى مۇھەممەدىن توختى 1989-يىلى 77 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مۇھەممەت قارىي ئەمەت (ئېلىيوف)

مۇھەممەت قارىي ئەمەت (مۇھەممەت ئېلىيوف) 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنت ئاياغ شورۇق مەھەللىسىدە ھۇنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەت قارىينىڭ دادىسى ئەمەت ئۇستام (ئەمەت مۇھەممەت ئەلى) ئۆز زامانىسىدا ئاتۇش تەۋەسىدە داڭقى چىققان ئۇستا تامچى كىشى ئىدى. ئۇ تامچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك ھۇنەرگە تايىنىپ ئائىلە ئىقتىسادىنى قامداپ كەلگەن. پەرزەنتلىرىدىن رازىق ئۇستا، رەجەپ ئۇستا ۋە قادىر ئۇستىلار ئاتا كەسىپ ــ تامچىلىقنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر بىناكارلىق ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغان. بۇگۇنكى كۇندىمۇ ئەمەت ئۇستىنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتۇش ۋە قەشقەر تەۋەسىدە بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئەمەت ئۇستام ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكى مۇھەممەت قارىينى ئارزۇلاپ ئۇنىڭغا دادىسى مۇھەممەت ئەلىنىڭ ئىسمىنى قويغان. مۇھەممەت قارىي ئون ياشلاردىن ئاشقاندىن كېيىن، بۇخارادا ئوقۇپ كېلىپ ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەكتىلىك ئىمىن قارىي دېگەن كىشىگە ئوقۇشقا كىرىپ دىنىي تەلىم ئالغان. ئىمىن قارىينىڭ كۆڭۇل قويۇپ تەربىيەلىشى ۋە ئۆزىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن 16 ياشقا كىرگەندە خەتمىدىن ئۆتۇپ، مۇكەممەل قارىي بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدا «مۇھەممەت قارىي»

دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قوزغىغاندا، مۇھەممەت قارىي ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قاتنىشىپ، ئالتە ئاي ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى مۇھەممەت قارىينى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇ ۋاقۋاق مەكتەپتە 1937 ـ يىلىغىچە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئەۋلادلارغا يېڭى پەن ـ بىلىملەرنى ئۆگەتكەن ۋە ئىنقىلابىي ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. 1937 ـ يىلى يىل بېشىدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ 1939 ـ يىلىغىچە مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1939 ـ يىلى يازدا، چۆچەككە چىقىپ كېتىپ، 1943 ـ يىلىغىچە چۆچەكتىكى «پالتايوف مەكتىپى» دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ خەلقنى ئويغىتىش، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدىكى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. 1943 ـ يىلى باھاردا مىللىتارىست شېڭ شىسەي «تەرەققىيپەرۋەر» لىك نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار كىشىلەرنى قولغا ئالغان. شۇ






قاتاردا مۇھەممەت قارىيمۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالغان. ئىككى يىل تۈرمىدە يېتىپ ئىنتايىن ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلارغا ئۇچرىغان. 1945 ـ يىلى يىل بېشىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى بىر قىسىم زىيالىيلارنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولغان. شۇ قاتاردا مۇھەممەت قارىيمۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن.

1946 ـ يىلى مۇھەممەت قارىي ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مايتاغقا ئەۋەتىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىللە گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ رۇسلار بىلەن بىللە ئىشلەش جەريانىدا رۇس تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ، رۇسلار بىلەن بىمالال ئالاقە قىلالايدىغان ۋە رۇسچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. رۇسلار ئۇنى بوۋىسىنىڭ نامى بىلەن «ئېلىيوف» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇھەممەت قارىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كىشىلەر تەرىپىدىن «مۇھەممەت ئېلىيوف» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مۇھەممەت ئېلىيوف 1948 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى گېئولوگىيە يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مايتاغ گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورنىدا تېخنىك ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىق ۋەزىپىسى بىلەن 1952 ـ يىلىغىچە ئىشلىگەن. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى گېئولوگىيە باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت باشقۇرۇش

ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1958 ـ يىلىغىچە بۇ ئورۇندا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1958 ـ يىلى باشلانغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە «سول» چىل لۇشيەننىڭ تەسىرى بىلەن مۇھەممەت ئېلىيوف ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ قارماي نېفىت ئىدارىسىگە ئادەتتىكى كادىر قىلىپ ھەيدەلگەن. ئۇ قاراماي غا بارغاندىن كېيىن نېفىت ئىدارىسى تېخنىكا ماتېرىياللار بۆلۈمىدە ئامبارچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1962 ـ يىلى ئىدارە رەھبەرلىكى مۇھەممەت ئېلىيوفنىڭ ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى تېخنىكا ماتېرىياللار باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قويۇپ ئىشلەتكەن. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندا مۇھەممەت ئېلىيوف «سوۋېت ئىشپىيونى» دېگەن بەتنام بىلەن تارتىپ چىقىلىپ، ئۇنىڭغا «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كەيدۈرۈلگەن. ئۇ چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن قاباھەتلىك ئون يىل ئىچىدە تاياق ـ توقماقلار ئاستىدا چېدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان. ئاتالمىش «زەربىدارلار» تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ئويۇپ تاشلىنىپ، بۇ دۇنيانى كۆرۈش ھوقۇقىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلىنغان. 1979 ـ يىلى ئۇنىڭ «قالپىقى» ئېلىپ تاشلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق دەرىجىسى بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان. ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستاز، سولماس ئىرادىلىك ئىزچى مۇھەممەت قارىي 1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 79 يېشىدا قاراماي شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.





مۇھەممەت سالمان

(1913 ـ 1938)

# مۇھەممەت سالمان

مۇھەممەت سالمان 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتى تۈۋەن مەھەللىسىدە تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر سودىگەر سالمان باي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سالمان باينىڭ دادىسى ئوبۇل ھەسەن دېگەن كىشى ئۆز زامانىسىدا تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئىقتىساد، مال ـ دۇنيا توپلىغان، سودا قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن جاھان كېزىپ شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئاتموسفېراسى، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ياشاش ئادىتىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىپ يەتكەن كىشى ئىدى. سالمان باي يالغۇز پەرزەنت بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دادىسىنىڭ ئىقتىسادىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سودا ـ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ شۇ ۋاقىتتىكى تەسىرى بار بايلاردىن بولۇپ قالغان. سالمان باي 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرى ئاتۇشتىن ماتا، چەكمەن قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ چىقىپ، قاراشەھەر ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردا سودا قىلىپ نۇرغۇن پايدا ئالغان. ئۇ قولىدىكى تىللا ـ تەڭگىلەرگە مال ـ چارۋا سېتىۋېلىپ، خوتۇنسۇمبۇل (خېجىڭ) ناھىيەسىنىڭ يۇلتۇز يايلاقلىرىدا نۇرغۇن مال ـ چارۋا قىلىپ چارۋىدار بايغا ئايلانغان. ئۇ يۇرتى ئاتۇش مېيىدىن غوجاخۇن ئىسىملىك كىشىنى يۇلتۇز يايلىقىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇنى ئۆز چارۋىلىرىنىڭ غوجىدارى قىلىپ بۇ كىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا

بىرىپ، ئۆزى باشقا تىجارەت ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرگەن. سالمان باي تولپىغان ئىقتىسادىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىپ، يۇرتىدا مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنى ئېچىش، ئۆستەڭ چاپتۇرۇش، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش قاتارلىق ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان. 1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قوزغاپ ھەرقايسى كەنتلەردە مەكتەپ قۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانىنى يولغا قويغاندا، سالمان باي مېيىدىكى «ئاتىلار ھەيئەت ئەزاسى» بولۇپ بايلار ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان. باشقىلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ مېيىدا يېڭىچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغان.

مانا مۇشۇنداق ئائىلىۋى مۇھىتتا تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھەممەت سالمان باللىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن مېيى مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان موللا تالىپ ئاخۇن خەلپىتىمدىن دىنىي تەلىم ئالغان. ئۇ بىر قانچە يىل موللا تالىپ ئاخۇن خەلپىتىمدىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن، بەكرى ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن (بەكرى ئاخۇن خەلپىتىم قەشقەرلىق ئۆلىما كىشى بولۇپ، مېيى بايلىرى مەسلىھەتلىشىپ 1928 ـ يىلى ئۇنى مېيىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىققان. بەكرى ئاخۇن خەلپىتىم





1933 ـ يىلغىچە مېيىدا مۇدەررىسلىك قىلغان). مۇھەممەت سالمان بەكرى ئاخۇن خەلپىتىمدە ئوقۇپ، خېلى پۇختا دىنىي بىلىم ئاساسىنى تىكلىگەن. 1932 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇھەممەت سالمان دادىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ھەمكارلاشقان. ناھايىتى چاققان، قاۋۇل، كۈچلۈك ياش بولۇپ يېتىلگەن مۇھەممەت سالمان 1934 ـ يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا دادىسى سالمان باينىڭ قوللىشى ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلىققا توسقۇنسىز ئىنتىلىش روھى بىلەن كۇرسقا قاتناشقۇچىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللىغۇچى سۈپىتىدە «ئىزچىلار» سېپىگە كىرىپ كەلگەن. مۇھەممەت سالمان كۇرسنى ياخشى نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەقسىماتى بويىچە ئاتۇشنىڭ لەڭگەر كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ 1937 ـ يىلغىچە لەڭگەر مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ بۇ مەزگىللەردە ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن ناھايىتى زىچ يېقىنچىلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۇرۇپ، مەكتەپتىكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتقا مىنىپ ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە كەنتلەرنى ئارىلاپ ئوقۇتۇش ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى ئۈچۈن توختاۋسىز ھەرىكەت قىلغان.

1937 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مۇھەممەت سالماننى يېڭىسار ناھىيەلىك شۆبە ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇنى يېڭىسارنىڭ مائارىپ ـ ئاقارتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ 1938 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مائارىپچىلىق تەرغىباتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ، ئاتۇشتا باشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، مائارىپنىڭ خەلقنى ئويغىتىش ئارقىلىق نادانلىق ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئىلمىي قىممىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى باشلىغان بۇ خاسىيەتلىك ئىلمىي ئىنقىلابنىڭ ئاتۇش دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ باشقا رايونلارغا كېڭىيىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشىدە قىممەتلىك رول ئوينىغان. بولۇپمۇ 1937 ـ يىلى 4 ـ ماي كۈنى ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ غايەت زور بەختسىزلىكنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇش، ئۇستازى باشلاپ بەرگەن ئۇلۇغ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەر بىر قەدەم ھەرىكىتىدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دۇنيانىڭ مەئىشىتىدىن قول ئۈزۈپ بارلىقىنى مىللەتنىڭ زۇلۇمدىن، نادانلىقتىن ۋە خار ـ زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئاتەشتەك پىداكارانە روھىدىن





مەدەت ئېلىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىگەن. بۇ كۈنلەردە ئىككى يۈزلىمچى، مۇستەبىت شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قول ـ چوماقلىرى ئىلغار زىيالىيلارغا قارىتا كەڭ دائىرىلىك تۇتقۇن قىلىش، تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولغاچقا ئۆزىنىڭ زەھەرلىك قولىنى باتۇر ئىزچى مۇھەممەت سالمانغىمۇ ئۇزاتقان.

مۇھەممەت سالماننىڭ موڭغۇلكۈرە شوتىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىردىنبىر ۋارىسى ـ ئوغلى ئابلەت سالمان (73 ياش) ئاكا ئازابلىق ھېسسىياتىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ دادىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن دادامدىن بىر ياش ۋاقتىمدا ئايرىلىپ قالغانىكەنمەن. دادامنىڭ ئەھۋالىنى مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن بوۋام سالمان باي ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. دادام ئوڭئېرىقتا مەمتىلى ئەپەندىدە ئوقۇپتۇ. ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ لەڭگەر مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىپتۇ. دادام مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بەك يېقىن ئۆتىدىكەن. ئىككىسى بىردىن ئاتقا مىنىپ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرىدىكەن. كېيىن دادامنى يېڭىسارنىڭ مائارىپ ـ ئاقارتىش خىزمىتىگە ئەۋەتىپتۇ. 1938 ـ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرى ئىكەن، دادام ۋېلىسىپىت بىلەن يېڭىساردىن قەشقەرگە يول ئېلىپ، شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ۋېلىسىپىتىنىڭ يېلى چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇ پىيادە مېڭىپ شەھەرگە كىرىپ ۋېلىسىپىتىنى رېمونت قىلدۇرۇۋاتقاندا، دادامنى كۆرۈپ قالغان مەمتىمىن ئاق كىرپىك دېگەن



مۇھەممەت ساۋۇر
(1913 ـ 1980)

كىشى بىرقانچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ «سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار» دەپ ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن بوۋام سالمان باي ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئانامنى ئېلىپ (مېنىمۇ ئالغاچ كىرىپتىكەن) قەشقەرگە كىرىپ ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ مىلىك تەسلىكتە دادام بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. كۆرۈشۈشتە دادام بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلغان ئىكەن، گۇندىپايلار دادامنى ئۇرۇپ ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. دادام قاتتىق ۋارقىراپ ئاۋازى بارا ـ بارا پەسلەپ كېتىپتۇ. كېيىن بىر گۇندىپاي چىقىپ بوۋامغا «سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، بۇ يەردە تۇرىۋەرسەڭلار پايدىسى يوق، ئۇلار ئۇنىڭ بىر كۆزىنى ئويۇۋېلىشتى» دەپتۇ. بوۋام ئۆزىنى كاچاتلاپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ زار ـ زار يىغلىغىنىچە ئامالسىز بىزنى ئېلىپ قەشقەردىن قايتىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دادامنىڭ ھېچقانداق دېرىكى بولماپتۇ...»

پوتكول تارىم ۋادىسىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىدا كۆكرەك كېرىپ ئىلگىرىلەۋاتقان قەھرىمان ئىزچى مۇھەممەت سالمان 1938 ـ يىلى 25 يېشىدا خائىنلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن.

# مۇھەممەت ساۋۇر

مۇھەممەت ساۋۇر 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتى تۆۋەن مەھەللىسىدە ساۋۇر مىشا غوجى ئىسىملىك سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1925 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە مېيىدا تۇرداخۇن خەلپىتىم قاتارلىق مۇدەررىس، موللىلاردىن دىنىي تەلىم ـ تەربىيە قوبۇل قىلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا تىرىشچان، بىلىمگە ھېرىسمەن بولۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق خېلى چوڭقۇر دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇ دادىسى ساۋۇر مىشا غوجىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاستا ـ ئاستا جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە باشلىغان.

ساۋۇر مىشا غوجى شۇ دەۋرلەردە مېيى تەۋەسىدىكى تىلغا ئېلىنىپ سانىلىدىغان بىرقانچە چوڭ باينىڭ بىرى بولۇپ، ئاتۇش بىلەن ئەنجان ئارىلىقىدا سودا قىلىپ خېلى كۆپ مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان. چەت ئەللەردىكى يېڭىلىقلار، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە ياشاش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى كۆرۈپ، ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ نادان ۋە قالاق ھالىتىدىن چوڭقۇر ئۆكۈنگەن. ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، ئەۋلادلارنى يېڭى پەن بىلەن تەربىيەلەپ بىلىملىك قىلىپ چىقىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى

تونۇپ يەتكەن.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغاندا ساۋۇر مىشا غوجى مېيىدىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلاردىن سالمان باي، ئۆمەر باي ۋە تالىپ باي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ مىسلىسىز يېڭىلىق ھەرىكىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاپ، مېيى كەنتىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا ماددىي ياردەمدە بولغان. ئوغلى مۇھەممەت ساۋۇرنى ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا بەرگەن. مۇھەممەت ساۋۇر قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1935 - يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەقسىماتى بويىچە ئاتۇشنىڭ لەڭگەر كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەيىنلەنگەن.

مۇھەممەت ساۋۇر ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يېڭى مەرىپەت ھەرىكىتىنىڭ مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەۋلادلارغا يېڭى پەن بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىتىش بىلەن بىرگە، ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىنقىلابىي كۈرەش روھىنى بالىلار قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. ئۆزىنىڭ قورقماس ئىرادىسى ۋە ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلاردا تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق كەلگۈسىدە بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا





چىقىرالايدىغان ئادەملەردىن بولۇش ئارزۇسىنى شەكىللەندۈرگەن. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى مۇھەممەت ساۋۇر ئاتۇشنىڭ مېيى، تېتىر، لەڭگەر ۋە كۆكۈل كەنتلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ مېيىدا قۇرۇلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىپ، 1943 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بارلىقىنى ئەۋلادلارنى ئوقۇتۇش ۋە تەربىيەلەشكە ئاتاپ، ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. شۇڭا ئەينى يىللاردا مۇھەممەت ساۋۇرنىڭ قولىدا ئوقۇپ بوۋاقتىكەن قەدەر ياشاپ كېلىۋاتقان 85 ياشلاردىن ھالقىغان ھايات شاھىتلارنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ شانلىق ئوبرازى بۈيۈكلۈك دەرىجىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1943 - يىلى شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ ئىلغار زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىش سۈيىقەستلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، زىيالىيلارنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان ئەھۋالدا مۇھەممەت ساۋۇر دادىسىنىڭ قاتتىق دەۋەت قىلىشى بىلەن بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئايرىلىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1945 - يىلى ساۋۇر مىشا غوجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ

سودا ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان. 1946 ـ يىلى مۇھەممەت ساۋۇر سودا ئىشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ بۇ يەردە ئاتۇش كۆكۈللۈك زىياۋۇدىن ئاخۇن، مىيىلىق چوڭ غوجى ۋە پەيزاۋات شاپتۇللۇق ياسىن سەتەڭ، مۇھەممەت قارىي قاتارلىق تىجارەتچىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۈرۈمچىدە ئالتە ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان. كېيىن بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شاڭخەيگە كىرىپ مال ئېلىپ چىقىش ئويىنىڭ بارلىقىنى، لېكىن كۆزى قورقۇپ ماڭالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مۇھەممەت ساۋۇرنى ئۆزلىرىگە باش بولۇپ شاڭخەيگە باشلاپ كىرىشنى ئىلتىماس قىلىپ تۇتۇۋالغان. مۇھەممەت ساۋۇر ئويلىنىپ كۆرۈپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان ۋە بۇ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى شاڭخەيگە كىرىپ كەتكەن. ئۇلار شاڭخەيگە كىرگەن ۋاقىت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كومپارتىيە بىلەن تۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي بىرلىكسەپتىن يۈز ئۆرۈپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىپ، شاڭخەيدە ۋەزىيەت قالايمىقان بولغاچقا ئۇلارنىڭ خاتىرجەم سودا قىلىش پۇرسىتى بولمىغان. بۇ خىل ئەھۋالدا مۇھەممەت ساۋۇر ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا بىر ئاماللارنى قىلىپ 1947 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭغا قايتىپ چىققان. بۇ دەل شىنجاڭدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «11 ماددىلىق





بىتىم» گە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەمەلدىن قالغان، ۋەزىيەت ئىنتايىن قاتماللاشقان ۋاقىت بولغاچقا، ئۇ ئۈرۈمچىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپلا ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. 1948 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇھەممەت ساۋۇر ھەج قىلىش مەقسىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ ھەج پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، مەدىنىگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن، سودا ئىشلىرى تازا ئالدىغا دەسسىمەي، قەشقەردىن چىقىپ مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياقۇپ ھاجى دېگەن كىشىدىن ناۋايلىقنى ئۆگىنىپ، بىر مەزگىل بۇ ھۈنەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان. 1950 ـ يىلى توققۇزاق تاشمىلىقتىن ھەجگە چىقىپ مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەرەمخان ئىسىملىك تۇل ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، ئىككى ئوغۇل بىر قىز پەرزەنتلىك بولغان. كېيىنچە مۇھەممەت ساۋۇر مال ـ چارۋا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئاساس تىكلىگەندىن كېيىن، تىجارەت شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مەدىنىدە دۇكان ئېچىپ چاقچۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە قايتىدىن باش كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ھەقىقىي ئادىمىيلىك پەزىلىتى بىلەن مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋەتەنداشلىرى ۋە يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇي تاپقان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەج



مۇھەممەت قاريي ئەمەت (رىزا)
(1972 ـ 1912)



قىلىش ئۇچۇن چىققان ۋەتەنداشلىرىنىڭ مەدىنىيدىكى پائالىيەت مەزگىللىرىدە ھەر خىل مۇلازىمەت يوللىرى ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. مەرھۇم ئىزچى مۇھەممەت ساۋۇر 1980 ـ يىلى يازدا 67 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مەدىنەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مۇھەممەت قارىي ئەمەت (رىزا)

مۇھەممەت قارىي ئەمەت (مۇھەممەت رىزا) 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتى قىشلاق مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئەمەت مەمەتئىبراھىم (ئەمەت ئوغلاقچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەت قارىينىڭ ئەجدادلىرى ئەينى دەۋرلەردە ئوڭئېرىق تەۋەسىدىكى جەمئىيەتكە تونۇشلۇق، تەسىرى بار ئۈچ چوڭ جەمەتنىڭ بىرى بولغان مەمەتئىبراھىم (مۇھەممەت ئىبراھىم) جەمەتى بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ۋە ئىقتىسادنىڭ ساھىبى بولغان. ئۇلار توپلىغان مال ـ دۇنيا ۋە ئىقتىسادنى يۇرت ـ جامائەت ئىشلىرى، يېتىم ـ يېسىرلارنى يۆلەش ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئىشىغا سەرپ ئېتىپ، جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابروي ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. ئۇلار دۆلەت ئاتلاپ، يۇرت ئارىلاپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىدىيە ۋە ئاڭ جەھەتتە شۇ دەۋر كىشىلىرىگە نىسبەتەن بالدۇر ئويغانغان بولۇپ، بۇ خىل ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەشنى ئۆز جەمەتىنىڭ ئاساسىي مىزانى قىلغان.

ئەمەت ئوغلاقچىنىڭ، مۇھەممەت، ھىسامىدىن ۋە ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئوغۇللىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەت بىر قەدەر چېچەن، ئەقىللىق بولغاچقا ئۇنى

كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۆڭئېرىقلىق ئەيسا داموللام دېگەن كىشىگە دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىشقا بەرگەن. مۇھەممەت قارىي بۇ كىشىدىن دەسلەپكى باشلانغۇچ تەربىيەگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، 1926-يىلى ئۆڭئېرىقتىكى خانىقادا موللا تۇردى ھاجىم سالدۇرغان مەكتەپتە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان تىجەنلىك موللا ئەزىز دامولامدا ئوقۇغان. 1929-يىلىغا كەلگەندە ئۇ قارىيلىق دەرىجىسىگە يەتكەن. 1930-يىلىدىن باشلاپ مەمتىمىن قارىيھاجى (سوپىزادە) دا ئوقۇپ دىنىي بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، پەننىي بىلىملەردىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە ساۋاتقا ئىگە بولغان ۋە ئۇستازى مەمتىمىن قارىيھاجىمنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ ئۆڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا مۇھەممەت قارىي ئەمەت ئىلغار ياشلار قاتارىدا ئالتە ئايلىق كۇرستا ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا ئىجتىھات بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان. مەمتىلى ئەپەندى بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى بىلىمى ۋە كۇرستا ئوقۇش جەريانىدىكى نەتىجىسىگە قاراپ ئۇنىڭغا «رىزا» دېگەن تەخەللۇسنى بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇھەممەت ئەمەت ساۋاقداشلىرى ۋە كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا «مۇھەممەت رىزا»، «رىزا





ئەپەندى» دېگەن ناملار بىلەن تونۇلۇپ كەلگەن. 1935-يىلى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى مۇھەممەت رىزانى ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇ 1935-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، بارلىقىنى مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ كېيىنكى ئەۋلادلار قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. 1940-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تىجەن شەنلى مەكتەپكە يۆتكىلىپ 1943-يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

1943-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىدە يەنە بىر قېتىم ئىلغار زىيالىيلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك چېكىدىن ئاشقان ئەكسىيەتچىلىك ۋە تازىلاشنى يولغا قويۇپ ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي تەرتىپ بۇزۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىر ئىزدا توختاپ قالغان. مەكتەپلەرمۇ چوڭ كىرىزىسقا دۇچ كېلىپ نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەردىن، ئوقۇتقۇچىلىقتىن ھەيدەلگەن ياكى ئۆزىنى چەتكە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش تەرتىپى بۇزۇلۇپ مەكتەپلەر ئومۇميۈزلۈك پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا مۇھەممەت رىزامۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ھەيدىلىپ ئاكىسى ھىسامىدىن قاتارلىقلارنىڭ يېتەكلىشى



مولla ئەمەت مۇھەممەت
(2007 ـ 1913)



بىلەن مارالبېشى، ئوچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوڭئېرىق كەنتىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مۆھتەرەم ئىزچى مۇھەممەت رىزا 1972 ـ يىلى 60 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئوڭئېرىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.



# موللا ئەمەت مۇھەممەت

موللا ئەمەت مۇھەممەت 1913 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتى قىشلاق مەھەللىسىدە مۇھەممەت شاڭىي ئىسىملىك ھۈنەرۋەن كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. موللا ئەمەت ئون ياشتىن ئاشقان مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. موللا ئەمەتنىڭ بوۋىسى مۇمەررەم ھاجىم (مۇھەممەت شاڭىينىڭ دادىسى) مىلتىق دورىسىدىن پايدىلىنىپ ئوق - دورىلارنى ياسايدىغان كىشى بولۇپ، ياسىغان ئوق - دورىلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان قىرغىز، تاجىك چارۋىچىلارغا ۋە ئاتۇش، قەشقەر تەۋەسىدىكى پاۋانلارغا (ئاتۇشلۇقلار ئۆردەك، غاز قاتارلىق ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلايدىغان ئوۋچىلارنى پاۋان دەپ ئاتايدۇ) سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. كېيىنچە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سودا كارۋانلىرى ئارقىلىق ئىلى، چۆچەك تەۋەسىدىكى قازاق چارۋىچىلارغا قەدەر ساتقان. بۇ خىل ھۈنەر، تېخنىكا بۇ جەمەتنىڭ ھايات كۆچۈرۈش يولىدىكى ئاددىي قول

ھۈنەرۋەنچىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى بىر خىل كەشپىيات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا موللا ئەمەتنىڭ دادىسى مۇھەممەت شاڭيى ئاتا مىراس ئوق-دورا ياساش ھۈنىرىگە يانداش ھالدا كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر خىل ساپال قاچا- قۇچا، كۈپ، كوزا ۋە لوڭقىلارنى ياساپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، خېلى پۇختا سودا تورىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇيغۇر پار- پۇرچىلىق تېخنىكىسىنى جەمئىيەتكە تونۇشتۇرغان.

مانا مۇشۇنداق ئىجتىھاتلىق جەمەتنىڭ ۋارىسى بولغان موللا ئەمەت كىچىكىدىن باشلاپلا ھۈنەر- سەنئەتكە ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىشتەك روھ ۋە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇپ يېتىلىشكە باشلىغان. 1930-يىلغىچە ئۇ ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئىرىشىپ ئۆگەنگەن. 1930- يىلىدىن باشلاپ مەمتىمىن سوپىزادە ئوڭئېرىقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىللەردە موللا ئەمەت سوپىزادىگە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنىي مەزمۇنلار ئاساس، ئانا تىل ۋە ھېساب دەرسلىرى قوشۇمچە قىلىنغان ئوقۇتۇش بويىچە ئىككى يىل تەلىم ئالغان. 1932-يىلى مەمتىمىن سوپىزادە ئوڭئېرىقتىن لەڭگەرگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوڭئېرىقتىكى بۇ مەكتەپ تاقىلىپ قالغان. شۇنىڭدىن





كېيىن موللا ئەمەت تىجارەت بىلەن ئاقسۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىلىرى قۇربان مۇھەممەت ۋە ياسىن مۇھەممەتلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئاقسۇدا تۇرۇپ قالغان. 1933-يىلى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئاكىلىرى ئۇنى ئاتۇشقا يولغا سېلىپ قويغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، موللا ئەمەت بۇ كۇرسقا قاتنىشىپ ئالتە ئاي ئىرىشىپ ئوقۇغان. 1935-يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. 1936-يىلى 1- ئايدا بۆگەن باشلانغۇچ مەكتەپ (باش بۆگەن) كە يۆتكىلىپ 1937-يىلى ياز پەسلىگىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

موللا ئەمەت ئەپەندى 1937- يىلىدىن باشلاپ 1940- يىلىغىچە، ئەينى يىللاردا قەشقەردە يۈك، تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىدىغان ئاتۇش ئوڭئېرىقلىق باي سودىگەر ئابدۇراخمان روزى (ئوڭئېرىقتىكى 80 ياشتىن ھالقىغان

ئادەملەر بۇ كىشىنى ئابدۇراخمان غوجىيىن (غوجايىن) دەپ ئاتىشىدىكەن) دېگەن كىشىنىڭ مالىيە ھېساباتىنى باشقۇرۇپ بوغالتىرلىق قىلغان. ئابدۇراخمان روزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تىجارىتى بۇ تەرەپتىن يۇڭ، تېرە، ئۈچەي قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىپ، ئۇ تەرەپتىن تۆمۈر، مىس، شېكەر، پاختا قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈش بولۇپ، موللا ئەمەت ئەپەندى 1940 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە ئون ئۈچ يىل ئەركەشتامدا تۇرۇپ سوۋېت تەرەپ بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر قانچە قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ ئاز بولمىغان يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلار بىلەن ئۇچراشقان. ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرى بىلەن تونۇشقان. رۇس تىلىنى خېلى پۇختا ئۆگىنىپ، رۇسلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنچە ئۇ زېھنىنىڭ ئوچۇقلۇقى، ھېسابات ئىشلىرىدىكى ئىنچىكە، توغرىلىقى ۋە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن موللا ئەمەت ئەپەندىنى بىلىدىغان رۇسلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ، پەقەت بىر ئاددىي سودا ۋەكىلىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ پىكرى ئويغاق زىيالىسى دەپ قارالغان.





1954 ـ يىلى ئابدۇراخمان روزىنىڭ قەشقەردىكى سودا شىركىتى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىنىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا كوپىراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، موللا ئەمەت ئەپەندى 1955 ـ يىلىغىچە بۇ كوپىراتىپقا بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1955 ـ يىلى يەكەن سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىنىپ، 1957 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە يەكەندە خىزمەت قىلغان. بۇ يىللاردا باشلانغان «سول» چىل ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ خىزمەتنى تاشلاپ ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. 1959 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە ئۆز كەنتى ئوڭئېرىقتا كوپىراتسىيەنىڭ بوغالتىرلىقىنى ئىشلىگەن. 1966 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە ئازاق يېزىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسىدا بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1969 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە ئازاق يېزىلىق خەلق ئەسكەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئازاق يېزىسىدا قۇرۇلغان مىلتىق دورىسى ياساش سېخىنىڭ تېخنىك يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1973 ـ يىلىدىن باشلاپ خىزمەتتىن چېكىنىپ ئائىلىدە دېھقانچىلىق قوشۇمچە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

موللا ئەمەت ئەپەندى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ، 90 ـ يىللىرىدا مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىلىرى، ئۇ



مۇھەممەت قارىي ھېلىم
(1975 ـ 1911)



قوزغىغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى توغرىسىدا ئىزدەنگۈچىلەرنى قىممەتلىك ماتېرىيال ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن. مۆھتەرەم ئىزچى موللا ئەمەت مۇھەممەت 2007 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 94 يېشىدا ئاتۇش ئوڭئېرىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مۇھەممەت قارىي ھېلىم

مۇھەممەت قارىي ھېلىم (لەنگەرى قارىي) 1911 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ لەنگەر كەنتى ئۈستەڭبويى مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 13ياشقا كىرگىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. مۇھەممەت قارىينىڭ دادىسى ھېلىمباي ۋە ئانىسى رەۋخانلار ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان دېھقان كىشىلەردىن بولۇپ، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاللىق تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. ئۇلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە قارىتا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، بالىلارنى يارامىلىق ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن، مۇھەممەت قارىينى تاغ ئاغزى لەنگەرلىك تۇرداخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىگە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ تۇرداخۇن خەلپىتىمدىن بەش يىل تەلىم ئېلىپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا ئېلىپ قارىيلىقتىن ئۆتكەن. 1932 ـ يىلى ئوڭئېرىقتىكى خانىقا مەدرىسەسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئۆزبېكىستانلىق تونۇلغان مائارىپچى مەتىمىن قارىي ھاجىم (سوپىزادە) جاھالەت پىرلىرىنىڭ پىتنە ـ پاسات ۋە سۇيىقەست پىلانلاشلىرى سەۋەبلىك، ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان پاسسىپ شارائىتتا، ئاتۇش لەڭگەرلىك

مەرىپەتپەرۋەر زات ھېلىم داموللا ھاجىم مەمتىمىن قارىي ھاجىم (سوپىزادە) نى لەنگەرگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بۇ مۆھتەرەم زاتنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ لەنگەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا قويغان. ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن بىلىم ئېلىش پۇرسىتى ئىزدەپ يۈرگەن مۇھەممەت قارىي بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مەمتىمىن سوپىزادىدىن بىر مەزگىل تەلىم-تەربىيە ئالغان. بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بۇ مەشھۇر پېداگوكتىن يېڭىچە تەربىيە قوبۇل قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان مۇھەممەت قارىي ئۇستازىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىگە ئىگە جەڭگىۋار ياشلاردىن بولۇپ قالغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا، مۇھەممەت قارىي جەڭگىۋار ياشلار قاتارىدا بۇ قېتىمقى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش جەريانىدا ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق خاراكتېرى، سەمىمىيلىكى ۋە ئوقۇش جەريانىدىكى تىرىشچانلىقى بىلەن بارلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىمۇ بۇ خۇش پېئىل





ئىزچىسىنىڭ خاراكتېرىدىن سۆيۈنگەن ۋە بۇ ئىزچىسىنىڭ لەنگەرلىك بولغانلىقىنى ئاساس قىلىپ ئۇنى داۋاملىق «لەنگىرى قارىي» دەپ چاقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئىزچى ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنى «لەنگىرى قارىي» دەپ چاقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىسىم ئاستا-ئاستا مۇھەممەت دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، كىشىلەر ئاغزىدا بۈگۈنگە قەدەر لەنگىرى قارىي دېگەن ئىسىم ئومۇملىشىپ قالغان. 1935-يىلى مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى مۇھەممەت لەنگىرى قارىينى ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان.

ئازاق كەنت 1-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق بىلال ھاجىم (92 ياشتا) نىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، مۇھەممەت لەنگىرى قارىي تولىمۇ چىقىشقاق، يېقىشلىق ئادەم بولۇپ، ئۈچ يىل ئازاق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەش جەريانىدا، ئاساسلىق ۋاقتىنى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن. لەنگەردىكى ئۆيىگە ئايدا بىرەر قېتىم بارسا بېرىپ، قالغان ۋاقىتلاردا ئوقۇتۇش ۋە كەچ كۇرسلاردا ئاممىۋى خاراكتېرلىق ساۋات چىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1938-يىلى تىجەن شەنلى مەكتەپكە تەڭشىلىپ، 1940-يىلىغىچە شەنلى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1940-يىلى ئوڭئېرىق مەكتەپكە

يۆتكىلىپ 1943 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1943 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ ئۇيۇشمىنىڭ خوجىلىق ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1945 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىغا تەڭشىلىپ، 1947 ـ يىلىغىچە بۇ ساھەدە خىزمەت قىلغان. 1947 ـ يىلى گومىنداڭ مۇھەممەت لەنگىرى قارىينى مەجبۇري خىزمەتتىن چېكىندۇرگەن. مىللەتنىڭ مائارىپ ئاقارتىش يولىدا بىر مەھەل جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىزچى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىنى دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

1974 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى ئاتۇشقا كەلگەندە سۇنتاغ يېزىسىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى سۇنتاغ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى موللا ئەيسا باقىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ۋە ئۇنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن. دەم ئېلىش ئارىلىقىدا سەيپىدىن ئەزىزى موللا ئەيسا باقى بىلەن ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ ئاتۇش لەنگەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن لەنگەردە مۇھەممەت قاري ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئوغېرىقتا مەتىلى ئەپەندىدە بىللە ئوقۇغانلىقىنى، ئۇنى شۇ ۋاقىتلاردا «لەنگىرى قاري» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەن ھەمدە ئۇنى





تېپىپ كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئېيتقان. موللا ئەيسا باقى دەرھال ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، لەنگىرى قارىينى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. بۇ كۈنلەردە مۇھەممەت قاري تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، كېسەللىك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. قانچىلىغان ئىزچى ساۋاقداشلىرى «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرىدە ئېچىنىشلىق تەقدىر ـ قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر، ئازابلىق دەقىقىلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئەنسىز كۈنلەردە، «بېيجىڭ» ماركىلىق لاتا پىكاپنىڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىشى مۇھەممەت لەنگىرى قاري ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان. ھويلىغا كىرگەن كادىر سۈپەت ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئاللا قانداق بىر پاراكەندىچىلىك ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا سايە تاشلاۋاتقاندەك ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان. كۈتۈلمىگەندە، كەلگەن كىشىلەردىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاتۇشقا كەلگەنلىكى، ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن مۇھەممەت لەنگىرى قارىينىڭ جىسمىدا ساۋاقداشلىق مېھرىدىن ھاسىل بولغان غايەت زور غەيرەت ـ شىجائەت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن. ئارىدىن 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ قايتا دىدارلىششقا نېسىپ بولغان كونا ساۋاقداشلار ئۆز ئارا ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىلىرى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە ئۇزاق پاراڭلاشقان. سەيپىدىن ئەزىزى ساۋاقدىشىغا، سالامەتلىكىنى تېزراق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىرەر ئورۇندا خىزمەت ئىشلەش تەكلىپىنى بەرگەن.

مۇھەممەت قارىي سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكلىپىنى، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالغان.
مەرھۇم ئىزچى مۇھەممەت قارىي ھېلىم شۇ قېتىمقى قىممەتلىك ساۋاقداشلار ئۇچرىشىشىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، 1975 ـ يىلى 64 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئاتۇش لەنگەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.







مۇھەممەت قارى ئىبراھىم (زەكى)
(2004 ـ 1913)

# مۇھەممەت قارىي ئىبراھىم (زەكىي)

مۇھەممەت قارىي ئىبراھىم (مۇھەممەت قارىي زەكىي) 1913 - يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنتىدە ھاللىق دېھقان ئىبراھىم ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئائىلە تەربىيەسىدە ئۆتكۈزگەن. مۇھەممەت قارىي كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى چېچەن، زېرەك بالا بولۇپ، 15 ياشقا كىرگەندە ئىبراھىم ھاجىم ئۇنى مەشھەدتىكى «سۇلتانىيە مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ مەدرىسەدە ئوقۇغان بەش يىل ئىچىدە تىرىشىپ ئۆگىنىپ قارىيلىقتىن ئۆتۈپ، ئەقىللىقلىقى ۋە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئۇستازلىرى ۋە باشقا تالىپلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ كۇرسقا قاتناشقان. مۇھەممەت قارىي ئۆزىنىڭ ناھايىتى چاققان، زېھنى ئۇچۇق، تەپەككۇرى ئۆتكۈر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىزچىلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن سۆيۈنۈپ ۋە چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا «زەكىي» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت قارىي «ئەقىللىق»، «ئۆتكۈر» مەنىسىدىكى «زەكىي» سۆزىنى

تەگئىسات قىلىپ ئىشلەتكەن. 1935 ـ يىلى يانۋاردا مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى مەھەممەت قارىي زەكىينى ئىشتارچى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان.

مۇھەممەت قارىي زەكىي مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن باشلاپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتقان مۇنەۋۋەر ئىزچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇستازى ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، 1935 ـ يىلى سەككىز كىشىدىن تەركىب تاپقان «مائارىپ ئۇيۇشما ھەيئىتى» تەشكىللىگەندە مۇھەممەت قارىي زەكىينى ئۇيۇشمىنىڭ بوغالتىرلىقىغا تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت قارىي زەكىي ئىشتارچى مەكتەپتىن مائارىپ ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ 1937 ـ يىلىغىچە بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن.

1937 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، ھەدىسىنىڭ يولدىشى بىلەن تىجارەت قىلىش باھانىسىدا خوتەنگە كېتىپ، قاغىلىق ۋە خوتەنلەردە 3 ـ 4 يىل يۈك، يىپەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەشقەردىكى رۇسلار باشقۇرۇشىدا بولغان «سوۋ ـ شىن تورگ» (سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى)گە خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇ 1941 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ يىللاردا شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، رۇسلار بىلەن سودا قىلغانلار سۈرۈشتۈرۈلۈۋاتقان چاغلار





بولغاچقا، مۇھەممەت قارىي زەكىي يەنە خوتەنگە قايتىپ كەتكەن. 1942 ـ يىلى ئۇ خوتەندىن موڭغۇلكۈرەگە چىقىپ، 1944 ـ يىلىغىچە سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ۋاقىتتا ئىلىدا ئىنقىلاب قوزغىلىپ غۇلجا يولى توسۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. ئاتۇشتا قىسقا ۋاقىت تۇرۇپ يەنە سودا قىلغاچ ئۈرۈمچىگە چىققان. 1947 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەردىكى «ئىتتىپاق» شىركىتىنىڭ غوجايىنى، كاتتا باي ئىمىن ھاجىمنىڭ قىزى ئامىنە خانىم (مۇھەممەت قارىي مەشرەپنىڭ سىڭلىسى) بىلەن توي قىلغان. بۇ ۋاقىتتا ئىمىن ھاجىم شاڭخەيدە تىجارەت قىلىۋاتقان بولغاچقا مۇھەممەت قارىي زەكىي ئۈرۈمچىگە چىقىپ 1954 ـ يىلىغىچە قېيىنئاتىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. بۇ يىللاردا سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا چەك قويۇلغان بولغاچقا، ئىلاجىسىز ئائىلىنى ئېلىپ غۇلجىغا كەتكەن. 1957 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر ياشلارنىڭ پاي قوشۇشى بىلەن سېلىنغان «ئاممىۋي مېھمانخانا» دا بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ قېيىنئاتىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن ئائىلىنى ئېلىپ خاربىنغا بارغان ۋە 1983 ـ يىلىغىچە 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خاربىندا تۇرمۇش كۆچۈرگەن. شۇنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، مۇھەممەت قارىينى بىلىدىغان كىشىلەر ھازىرمۇ ئۇنى «خاربىن مۇھەممەت قارىي» دەپ ئاتىشىپ كەلمەكتە. ئۇ 1983 ـ يىلى خاربىندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. 1986 ـ يىلى ھەج ـ تاۋاپ قىلىش



مۇھەممەت ئەزىز
(1963 ـ 1911)



مۇناسىۋىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرغان. قايتىپ كېلىپ 1996 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. 1996 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە ئويغاق پىكىر، زەكىيلىكى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان مەرھۇم ئۇستاز، زەكىي ئىزچى مۇھەممەت قارىي ئىبراھىم 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدا 92 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مۇھەممەت ئەزىز

مۇھەممەت ئەزىز 1911 - يىلى ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇھەممەت ئەزىزنىڭ دادىسى ئەزىز ئاخۇن ئۆز زامانىسىدا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تاشكەنت، ئەنجان، توقماق قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە تىجارەت قىلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن مال - دۇنيا، ئىقتىساد توپلىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيانى ئايلىنىش جەريانىدا باشقا ئەللەردىكى ئۆزگىرىش - يېڭىلىقلار ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، شۇ زامانلاردىكى ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە تەرەققىيپەرۋەر كىشىگە ئايلانغان. 1917 - يىلى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى مەزگىللىرىدە ئەزىز ئاخۇننىڭ تىجارىتى كەينىگە دەسسەپ سودىدا كۆپلەپ زىيان تارتقان. قولىدىكى نىكولاي ئاقچىلىرى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ، يىغىپ توپلىغان مال - دۇنياسى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان. تىجارەتتىكى بۇ خىل ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ياشاش ھەلەكچىلىكى ئەزىز بايغا ئېغىر روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل تارتىپ ئەنجاندا قازا قىلىپ كەتكەن. بالىلىق مەزگىلىنى ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋاتقان مۇھەممەت ئەزىز كىچىك

يېتىم قېلىپ ئانىسى ئىمىنىخان بۇۋىم بىلەن ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆرگەن تاغىسى موللا خاكى (ئىمىنىخان بۇۋىمىنىڭ ئاكىسى) دېگەن كىشى ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. مۇھەممەت ئەزىز 12 ياشقا كىرگەندە موللا خاكى جىيەن ئوغلىنى شورۇقتىكى مەدرىسەگە ئىمىن قارىيدىن تەلىم ئېلىشقا بەرگەن. كىچىك تۇرۇپلا دىلى سۇنۇق يېتىم بولۇپ قالغان مۇھەممەت ئەزىز تاغىسى موللا خاكىنىڭ ئاتىلىق مېھرىنى بېرىپ بېشىنى سىلىشى ۋە ئۇستازى ئىمىن قارىينىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن، تېزلا ئوقۇشقا كىرىشىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ 17 ياشقا كىرگەندە قارىيلىقتىن ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئانىسى ۋە تاغىسى موللا خاكىغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغاندا، مۇھەممەت ئەزىز ئىلغار ياشلار قاتارىدا بۇ كۇرسقا تىزىملىتىپ، ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى بۇ كۇرستا ئوقۇغان. 1935-يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى مۇھەممەت ئەزىزنى ئاتۇشنىڭ تېتىر كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. ئۇ 1940-يىلغىچە تېتىر باشلانغۇچ





مەكتەپتە مۇئەللىم ۋە تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1936-يىلى ھەسىخان راشىدىن دېگەن تېتىرلىق ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ تېتىردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1940-يىلىدىن 1943-يىلىغىچە مېيى مەكتەپتە ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە مېيى، تېتىر، لەڭگەر ۋە كۆكقولدىن ئىبارەت تۆت يۇرتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن يۇقىرى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ مېيى كەنتىدە ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مېيى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۈچ يىل ئوقۇتۇش ۋە تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1943-يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1943-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۇيۇشما رەھبەرلىكى مۇھەممەت ئەزىزنى ئاقچى ۋە قاراجۈل تاغلىق رايونلىرىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئاتۇشلۇق تىجارەتچىلەر (چارۋىچى بايلار) دىن مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن زاكات يىغىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ چارۋىدار بايلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار ئارىسىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان يېڭىچە مائارىپنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى توغرىسىدا كەڭ دائىرىلىك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن بايلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەينى يىللاردىكى مائارىپ راسخوتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى تەييار قىلىشتا زۆرۈر بولغان مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. مۇھەممەت ئەزىز 1948-يىلى



مەتنىياز ئەمەت
(1974 ـ 1912)



ئاتۇش ناھىيەلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىغا يۆتكىلىپ، 1955 ـ يىلىغىچە ئىسكىلاتنىڭ كاسسىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مالىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1957 ـ يىلى قالقانىسمان بەز ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت خىزمەتكە قاتنىشالمىغان. ئۇزۇن مەزگىل خىزمەتكە قاتنىشالماسلىق بىلەن شۇ يىللاردىكى «سول»چىل لۇشيەننىڭ تەسىرى بىرلىشىپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن.

1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتۇش ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ھەسەنجان ھاشىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، 1963 ـ يىلىغىچە قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 52 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مەتنىياز ئەمەت

مەتنىياز ئەمەت 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنتى سىپىدىلىك مەھەللىسىدە ئەمەت نوروز (ئەمەت پاختىچى) ئىسىملىك ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 13 ياشقا كىرگەندە ئاغۇلۇق ھەسەن قاري دېگەن كىشىدىن دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىغان. ھەسەن قاري شۇ مەزگىللەردە 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئىككى كۆزى ئەما كىشى بولۇپ، ئەينى يىللىرى جەمئىيەتتە زور تەسىرى بار سۇنتاغلىق باي ئەمەتقۇل ھاجى بۇ كىشىنى ئاغۇدىن سۇنتاغقا تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ قوراسىدىن ئىككى ئېغىز ئۆينى بىكار قىلىپ ئەتراپتىكى باللارنى يىغىپ دىنىي تەلىم بېرىشكە قويغان. مەتنىياز ئەمەت ھەسەن قارىدا 3 ـ 4 يىل ئوقۇپ خېلى پۇختا دىنىي بىلىم ئاساسىنى تىكلىگەن.

1929 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەمەت نوروز ئوغلى مەتنىيازنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ تىجارەت ۋە ھۈنەر ئۆگىتىشكە باشلىغان. ئەمەت نوروز پاختا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى بولۇپ، قەشقەر، پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا سودا قىلاتتى. ئېلىپ كەلگەن پاختىلارنى ئائىلىسىدە چىگىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى (چىغىرىق) تىن پايدىلىنىپ چىگىتىنى ئايرىپ بازارغا سالاتتى. مەتنىياز ئەمەت 17

يېشىدىن باشلاپ دادىسىغا ياردەملىشىپ تاغلىرى يۇسۇپئاخۇن پاختىچى ۋە مەتكېرىم پاختىچىلار بىلەن بىللە پەيزاۋات، مارالبېشى تەرەپلەردىن ئاتۇش، قەشقەرلەرگە پاختا يۆتكەش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مەتنىياز ئەمەت سودا ئىشلىرى بىلەن پەيزاۋات ناھىيەسىدە تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن. بەش ئايدىن كېيىن ئۇ پۇرسەت تېپىپ ماجۇڭيىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ چىققان. يېڭىسارنىڭ ساغان دېگەن يېرىدە ئابدۇناسىر ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ ياردىمىدە خىلۋەت يوللار بىلەن پىيادە يول يۈرۈپ ئون نەچچە كۈندە يېڭىساردىن ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئىلغار ياشلارنى تىزىملىغاندا، مەتنىياز ئەمەت بۇ كۇرسقا تىزىملىتىپ ئوقۇشقا كىرگەن. ئالتە ئايلىق مۇددەتلىك بۇ كۇرستا ئوقۇش جەريانىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويۇشنىڭ پۇختا ئاساسىنى تۇرغۇزغان. 1935 - يىلى يانۋاردا مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇش پۈتكۈزگەندە مەمتىلى ئەپەندى مەتنىياز ئەمەتنى ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتىگە سېلىنغان قەدىمجاي





باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. مەتنىياز ئەمەت 1939 - يىلىغىچە بۇ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان. 1939 - يىلى بۇيامەت مەكتەپكە تەڭشىلىپ، 1943 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى ۋە تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. مەتنىياز ئەمەتنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئوقۇغۇچىسى ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا بۇيامەت كەنت تۇننار مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىبراھىم مۇسا (91 ياش) بوۋاينىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، 1943 - يىلى شىڭ شىسەيي ھاكىمىيىتى يەنە بىر قېتىم غالجىرلىشىپ زىيالىيلارنى قولغا ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتى باشلانغاندا، مەتنىياز ئەمەتمۇ تۇتقۇن قىلىش نىشانىغا ئايلانغان خەتەرلىك پەيتتە ، بۇ ۋاپادار شاگىرتى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە يوشۇرۇپ، ئۆينىڭ قازنىقىدىن چىقارماي ئۈچ ئاي ھالىدىن خەۋەر ئالغان. 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى مەتنىياز ئەمەت بۇيامەت مەكتەپتىن سۇنتاغ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ 1950 - يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئىشلەپ، 1950 - يىلىدىن كېيىن ئائىلىدە دېھقانچىلىق قوشۇمچە يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1953 - يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك باج ئىدارىسىغا خىزمەتكە چۈشۈپ 1958 - يىلىغىچە باج ئىدارىسىنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1958 - يىلى تارىخىي مەسىلىسى بار كىشىلەر قاتارىدا قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «تارىخىي ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كەيدۈرۈلۈپ



مېھمانچوڭ ئابدۇرېھىم

(1910 ـ 2000)



كۆرەشكە تارتىلغان. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ كوچىلاردا سازايى قىلىنغان. ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي زەربىلەر دەستىدىن قەددى مۈكچەيگەن مۆھتەرەم ئىزچى مەتنىياز ئەمەت 1974 ـ يىلى 62 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. 1979 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.



# مېھمانچوڭ ئابدۇرېھىم

مېھمانچوڭ ئابدۇرېھىم 1910 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تەختىيۇن كەنتىدە تونۇلغان باي چارۋىدار ئابدۇرېھىم ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. 1925 ـ يىلىدىن باشلاپ مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە شائىر سەلەي داموللا ھاجىمدىن دىنىي تەلىم ئالغان. ئۇستازىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى بىلەن ئۇ دىنىي ئىلىملەردىن باشقا، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. 1929 ـ يىلى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغىغاندا، ئو تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوقۇشقا تىزىملىتىپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان ئالتا ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا بۇ كۇرس ئوقۇش پۈتكۈزگەندە مەمتىلى ئەپەندى مېھمانچوڭنى ئاتۇشنىڭ ئىشتارچى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلغان. مېھمانچوڭ يېرىم يىلدىن كېيىن، يەنى 1935 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىشتارچى مەكتەپتىن تەختىيۇن مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىنگەن. چۈنكى بۇ مەزگىلدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشىدا مەشھەدتە

روشتى مەكتەپ نامىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، ئەمەت مەخسۇمنى بۇ مەكتەپكە يۆتكەپ كېلىش بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى قىسمەن تەڭشەشكە توغرا كەلگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېھمانچوڭ ئابدۇرېھىمنىڭ خىزمەت ئورنى تەڭشىلىپ 1939 ـ يىلىغىچە تەختىيۇن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭى مائارىپ ئوقۇتۇشىغا مۇھەببەت باغلاپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دادىسى ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن ئۆزى دەسلەپتە ئىشلىگەن ئىشتارچى مەكتەپ ۋە ھازىر ئىشلەۋاتقان تەختىيۇن مەكتەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، مەكتەپ ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش، ئىسسىنىش ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتا قىلىشتەك ئالىيجاناپ خىسلىتىنى نامايان قىلغان.

1939 ـ يىلى تەختىيۇن مەكتەپ بىلەن شورۇق مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلۈپ مەكتەپ ئورنى شورۇققا يۆتكەلگەندە، مېھمانچوڭ ئابدۇرېھىم بۇ مەكتەپتە 1943 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان. 1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تېخىمۇ ئەكسىيەتچىلىشىپ، ئىلغار زىيالىيلارغا قارىتا زىيانكەشلىك قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، دادىسى ئابدۇرېھىم ھاجىم ئوغلىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى خىزمەتتىن توختىتىۋالغان. ئابدۇرېھىم ھاجىم ئۇزۇن يىللار مال ـ چارۋا





تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاتۇشنىڭ تۇگۈرمىتى تەۋەسىدىكى قۇراملىق يايلاقلىرىدا كەڭرى قورو ـ قوتانلارنى ياساپ، نەچچە مىڭ مال ـ چارۋىغا ئىگە بولغان چارۋىدار باي كىشى بولۇپ، 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ مېھمانچوڭنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشىپ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى قىلىشقا ياردەملەشتۈرگەن.

1950 ـ يىلىدىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىجارە كېمەيتىش مەزگىللىرىدە ئابدۇرېھىم ھاجىم ئائىلىسى چوڭ پومېشچىك ئائىلىسىگە ئايرىلىپ، بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، دۆلەت ئىختىيارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. ئائىلە ئەزالىرى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەمگەكچىلەرگە ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلغان. 1957 ـ يىلى «سول» چىل لۇشيەن خاتالىقى سەۋەبلىك مېھمانچوڭ قولغا ئېلىنىپ بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. جازا مۇددىتى ئۆتەش مەزگىلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ تۈرمىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلغان ۋە تۈرمە رەھبەرلىكىنىڭ قىسمەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈرمىدە ئېغىر تىپتىكى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، تۈرمە رەھبەرلىكىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى بىلەن كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن. ئاكىسى قۇربان ئابدۇرېھىم مېھمانچوڭنى ئېلىپ قۇراملىق يايلاقلىرىغا چىقىپ كەتكەن. بۇلغانمىغان ساپ ھاۋالىق يايلاقتا، يېشىل ئوت ـ چۆپلەرگە تويۇنغان قوي، كالىلارنىڭ سۈت ـ قايماقلىرى بىلەن كېسىلىنى داۋالاپ شىپالىق تاپقان مېھمانچوڭ ئىككى

يىلدىن كېيىن ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. ئاددىي پۇقرالىق ئورنىدا تۇرۇپ ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مېھمانچوك ئابدۇرېھىم ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە قايتىدىن تارتىپ چىقىلىپ، «پومېشچىك ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق ئاستىدا ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. 1979 ـ يىلى قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980 ـ يىلىدىن كېيىن دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرگەن. مۆھتەرەم ئىزچى مېھمانچوك ئابدۇرېھىم 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 90 يېشىدا ئاتۇشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ جەسىتى ئاتۇش شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى جەمەتلا غوجام (جوۋان مەرد) قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.





ماموٗت ئوبۇلقاسىم

(1910 ـ 1997)

# مامۇت ئوبۇلقاسىم

مامۇت ئوبۇلقاسىم (مامۇت ھاجى) 1910 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تۆركۆل كەنتى ئۆزۈنكوچا مەھەللىسىدە ھاللىق، ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1920 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. مامۇت ئوبۇلقاسىم دەسلەپكى مەزگىللەردە ئائىلىدە دادىسى ئوبۇلقاسىم ھاجىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان. ئوبۇلقاسىم ھاجىم مۇئەييەن دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، قوشۇمچە تۆركۆل توقايدىكى تۆت تاشلىق تۈگمەننى باشقۇرۇپ، بىر ئۆمۈر ئەل ـ جامائەت مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، پىكرى ئوچۇق كىشى ئىدى. ئۇ ئوغلى مامۇتنى 13 ياشقا كىرگەندە تۆركۆل ئازنا مەسچىت يېنىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا بەرگەن. مامۇت ئوبۇلقاسىم مەدرىسەدە ئىسلامىئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق ئۆلىمالاردىن دىنىي تەلىم ئېلىپ، مۇئەييەن دىنىي بىلىم ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ 18 يېشىدا ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دادىسى ئوبۇلقاسىم ھاجىمغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە قۇرۇلۇۋاتقان مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن

جەمئىيەتتىكى ئىلغار ياشلارنى تاللاپ، ئاتۇشنىڭ ئۈڭئېرىق كەنتىدە ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، مامۇت ئوبولقاسىم جەڭگىۋار ياشلار قاتارىدا قىسقا مۇددەتلىك بۇ كۇرستا ئوقۇغان. مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1935-يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى مامۇت ئوبۇلقاسىمنى ئاتۇشنىڭ ۋاقۋاق كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلغان. ئۇ 1935-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە ۋاقۋاق مەكتەپتە ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ ئىشلەپ، بىلىمگە، يېڭىلىققا تەشنا ئەۋلادلارغا بىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتقان ۋە ئۇلارنى ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرغان.

1938-يىلى يازدا مامۇت ئوبۇلقاسىم تۆركۈل مەكتەپكە يۆتكىلىپ كىرگەن. بۇ مەزگىلدە ۋاقۋاق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋاقۋاقنىڭ ئۆزىدە، 3- سىنىپتىن يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تۆركۈل مەكتەپتە ئوقۇتۇش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ تەڭشەپ ئىشلىتىلگەن. ئۇ 1944-يىلىغىچە تۆركۈل مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1944-يىلى ئاتۇش ناھىيەلىك ھۆكۈمەت مامۇت ئوبۇلقاسىمنى تۆركۈلگە بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ 1949-يىلىغا قەدەر يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرغان.





1952-يىلى مامۇت ئوبۇلقاسىم «گومىنداڭنىڭ داشقىلى»، «زومىگەر ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئېلىنىپ، بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 1957-يىلىغىچە قەشقەر تۈرمىسى ۋە پەيزاۋات ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا جازا مۇددىتى ئۆتىگەن. بەش يىللىق جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت « زومىگەر ئۇنسۇر » دېگەن قالپاق ئاستىدا ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنغان ۋە كۆرەش قىلىنغان. 1979-يىلى ئۇنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. مەرھۇم ئىزچى مامۇت ئوبۇلقاسىم كېيىنكى ئۆمرىنى دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 1997-يىلى 87 يېشىدا ئاتۇش تۆركۈلدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

# نەسرىدىن سادىق

نەسرىدىن سادىق 1912 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تۆركۆل كەنتى تۇمابېشى مەھەللىسىدە سادىق خاتىپ ئاخۇنۇم ئىسملىك دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سادىق خاتىپ ئاخۇنۇم ئەينى يىللاردا ئاتۇشتا تەسىرى چوڭ، كىشىلەر ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە قازى رەئىس هاجىمنىڭ ئوغلى ئىدى. قازى رەئىس هاجىمنىڭ ئەسلىي ئىسمى هاجى قاسىم بولۇپ، بۇ كىشى 1900 ـ يىللاردا ئاتۇشتا قازىلىق مەنسىپىگە ئولتۇرۇپ يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. كېيىن ئاتۇشنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ كىشىنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىپىسى بىلەن قوشۇلۇپ قازى رەئىس هاجى دەپ ئاتالغان. (بەزى كىشىلەر رەئىسئاخۇنۇم دەپمۇ ئاتاشقان) كېيىنچە بۇ نام كىشىلەر ئاغزىدا تىل ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىپ قادىر ئەيسا هاجىم بولۇپ ئومۇملىشىپ قالغان.

سادىق خاتىپ ئاخۇنۇم دىنىي مەلۇماتى يۇقىرى كىشى بولۇپ، تۆركۆل ئۈزۈن كوچا مەھەللە مەسچىتىنىڭ خاتىپلىقىنى قىلغان. ئۇ ئوغلى نەسرىدىننى ئون ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆزى بىۋاستە تەربىيەلەپ، 16 ياشقا كىرگەندە قۇرئان خەتمىسىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئوغلىغا دىنىي تەلىم بېرىش بىلەن بىرگە دۇنياغا ۋە تۇرمۇشقا ئىلغارلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ توغرا قارايدىغان، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ئىلغار





ئىدىيەگە ئىگە ياش بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا پۇختا ئاساس سالغان. نەسرىدىن سادىق 20 ياشلارغا كىرگەندە كۈچ قۇۋۋەتكە تولۇپ قاۋۇل يىگىت بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ھەر يىلى نورۇز بايراملىرىدا ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ھەر قايسى كەنتلەر ئارا بولىدىغان چېلىشىش پائالىيەتلىرىدە ئۇتۇپ چىقىپ، تۆركۈل ياشلىرى ئارىسىدا يېنى يەرگە تەگمىگەن ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئىلغار ياشلارنى تىزىملاشقا باشلىغاندا، نەسرىدىن سادىق نەۋرە تۇغقىنى ئابدۇلبارى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشقا تىزىملىتىپ ئالتە ئاي ئوقۇئېرىقتا ئوقۇغان. كۇرس تاماملانغاندىن كېيىن 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى نەسرىدىن سادىقنى مەشھەد قۇمباغ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەيىنلىگەن. 1937 ـ يىلى يازغىچە ئۇ قۇمباغ مەكتەپتە ئىشلەپ ئەۋلادلار ئالدىدىكى بۈيۈك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان. 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىلغار زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن كۈنلەردە، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاتۇشتىن باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ قاتتىق تۇرۇۋالغان. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىغان نەسرىدىن ئامالسىز ئاتۇشتىن چىقىپ كېتىپ مارالبېشى تۇمشۇقتا بارغاندا تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي، تۇمشۇقتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان





يۇرتداشلارنىڭكىدە بىر ئايدىن ئارتۇقراق پاناھلىنىپ تۇرۇپ يەنە ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئانىسى قۇۋانخان (ۋاقۋاق بەش ھويلىلىق ئايال) قاتتىق يىغلاپ تۇرۇپ: «نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ، سەن قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟...» دېگەندە نەسرىدىن سادىق ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:«مېنى ئەپۇ قىلىڭ ئانا، مەن سىزنى، يۇرتۇمنى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىمىز باشلىغان ئۇلۇغ ئىشنى تاشلاپ يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى راۋا كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل تەڭداشسىز روھ ـ ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھىنى كۆرۈپ يەتكەن ئانا نەسرىدىننى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «خەير ئوغلۇم، ھاياتىڭ ھەر ۋاقىت خەۋپ ئىچىدە، ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. سەن بىر مەزگىل ئۆيدىن سىرتقا چىقماي تۇرغىن...» دەپ ئوغلىنى ئۆيگە يوشۇرۇپ قويغان.

نەسرىدىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئاتۇش باغئېرىقلىق نىياز چوڭ دېگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بىرقانچە ئادەمنى باشلاپ ئۇنى تۇتقىلى كەلگەن. ئۇلار ئۆينىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە كۈن خۇپىيانە پايلاپ يۈرۈپ، ھىيلە ـ نەيرەڭلەر ئىشلىتىپ ئۆيدە يالغۇز قالغان نەسرىدىننىڭ كىچىك ئىنىسى ھاجىئاخۇننى ئالداپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىق ئۇچۇرىنى ئالغان ۋە باشقىلار ئۆيدە يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ كىرىپ، نەسرىدىننى ئۆينىڭ يوشۇرۇنغان قازنىقىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەن. سىرتتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئوغلىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى بىلگەن



نۇر سەئىدىن
(1913 ـ 1988)



قوۋانخان ئانا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئىككى كۈن ئاتۇشتا ئوغلىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ يۈرۈپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىن، قەشقەرگە كىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ ئوغلىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ قەشقەردە تاشئاخۇنۇمنىڭ جانان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق توقىلى تۇخاننىڭ ئائىلە خىزمىتىنى قىلىدىغان پاشاخان سەتەڭ دېگەن ئايالنى تېپىپ ئوغلىنىڭ قايسى تۈرمىگە قامالغانلىقىنى بىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن (پاشاخان سەتەڭ شۇ دەۋردە خەنزۇ تىلىنى ئاز ـ تولا بىلىدىغان، مۇناسىۋەتكە ماھىر ئايال ئىدى)، بۇ ئايال ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ 4 ـ 5 كۈندىن كېيىن نەسرىدىننى ئاللا بۇرۇن ئاقسۇ تەرەپكە ئېلىپ كەتكەنلىك ئۇچۇرىنى ئالغان. ئوغلىنىڭ ھايات قېلىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدى ئۈزۈلگەن مېھرىبان ئانا نالە ـ پەرياد ئىچىدە ئاتۇشقا قايتىپ چىققان. ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن ئوت يۈرەك ئىزچى نەسرىدىن سادىق شۇ تۇتۇلغانچە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان.

# نۇر سەئىدىن

نۇر سەئىدىن (نۇراخۇن سەئىدىن) 1913 - يىلى ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتى تاغئاتار («تېگى تار» مۇ دېيىلىدۇ) مەھەللىسىدە تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر سەئىدىن باي نۇرۇللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق مەزگىللىرىدە ئائىلە تەربىيەسىدە بولۇپ، ئون ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، سەئىدىن باي ئوغلى نۇراخۇننى مېيىدىكى داڭلىق دىنىي زات موللا تالىپ ئاخۇن خەلپىتىمگە دىنىي تەلىم - تەربىيە ئېلىشقا بەرگەن. نۇر سەئىدىن بىر قانچە يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق دىنىي جەھەتتىن بەلگىلىك بىلىم ئاساسىنى ياراتقان. 1929 - يىلىدىن باشلاپ سەئىدىن باي ئۇنى ئۆزىنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرىغا ھەمكارلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ ياشاش مۇھىتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنى ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا نۇر سەئىدىن ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بولۇپ، دادىسىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن سودا يولىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ شارائىتى، ياشاش مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ئوخشاش بولمىغان قەشقەر، ئاقسۇ، قارا شەھەر ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىققان. ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە خەلقنى نادانلىقتىن، جاھالەت ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇچقۇنلىرى يېنىشقا باشلىغان. دادىسى سەئىدىن باينىڭ خەلقپەرۋەر، يېتىم - يېسىرلارنىڭ، يوقسۇللارنىڭ بېشىنى

سىلايدىغان ساخاۋەتچى كىشى بولۇشتەك ئىنسانىي پەزىلىتى ئۇنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

سەئىدىن باي تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغارلىقنى ياقلايدىغان كىشى بولۇپ، 1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلىغاندا،ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى قوللاپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھەرقايسى كەنتلەردە مەكتەپ سېلىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، مېيى كەنتىدە يېڭىچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغان ھەم يۇرتىدىكى قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىشتا تېگىشلىك رول ئوينىغان.

ئوغلى نۇراخۇننى دەرھال تىجارەتتىن توختىتىپ، ئۆگزىبېرىق كەنتىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا بەرگەن. نۇر سەئىدىن قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا تىرىشىپ ئۆگىنىپ كۇرسنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلىنغان. 1938 ـ يىلىغىچە ئازاق مەكتەپتە ئىشلەپ شۇ يىلى مېيى مەكتەپكە تەڭشەلگەن. 1940 ـ يىلى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ، 1943 ـ يىلىغىچە تەلىم ـ تەربىيە مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ خىزمەتنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ھەرقايسى كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئەھۋاللىرىنى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈشنى






كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئەھۋالىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. مائارىپ ئۇيۇشمىسى نۇر سەئىدىننىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ 1943 ـ يىلى ئۇنى مېيى مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ 1949 ـ يىلىغا قەدەر مېيى مەكتەپنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇغۇچىلارنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ ئاما ئارىسىدا ساۋات چىقىرىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى توختاتماي مېيى كەنتىنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىدا چوڭ جانلىنىش پەيدا قىلغان.

1950 ـ يىلى سەئىدىن باي نۇرۇللا كېيىنكى ۋاقىتلاردا تىجارەت ئىشلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قالغان موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ شوتا يېزىسىدىن ئاتۇشقا كېلىپ ئوغلى نۇر سەئىدىننى ئېلىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە شوتا يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ 1952 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 ـ يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ ئىككى يىل رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. 1956 ـ يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ رازۋېدكا بۆلۈم ساقچىسى ۋە تۈرمە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1958 ـ يىلى نۇر سەئىدىننى «ئازادلىقتىن بۇرۇن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ گومىنداڭ پىرقىسىگە ئەزا بولغان، شۇڭا ئۇنى قانۇن سىستېمىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەپ تارتىپ چىقىپ، كانسۇ پولات تاۋلاش زاۋۇتىغا ھەيدەپ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان. 1961 ـ يىلى ئايالى رابىيە خانىمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك تەشكىل نۇر سەئىدىننى ئاتۇشقا يېقىنراق بولغان باچاڭ قىزىل بايراق مەيدانىغا يۆتكەپ 1963 ـ يىلىغىچە ئەمگەككە سالغان. 1964 ـ يىلى يۇرتى ئازاق يېزا مېيى كەنتىگە قايتۇرۇلغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا نۇر سەئىدىن قايتىدىن تارتىپ چىقىلىپ «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن. سىنىپىي كۈرەشنىڭ نىشانى قىلىنىپ، دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1979 ـ يىلى لۇشيەن خاتالىقىنى تۈزىتىش ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ روھىغا ئاساسەن نۇر سەئىدىننىڭ نامى ۋە خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان. مەرھۇم ئىزچى نۇر سەئىدىن 1988 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 75 يېشىدا ئاتۇش مېيىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.





ھەسەن ھاجى تالىپ

(1913 ـ 1997)

# ھەسەن ھاجى تالىپ

ھەسەن ھاجى تالىپ 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتى ياربويى مەھەللىسىدە تەرەققىيپەرۋەر، باي سودىگەر تالىپ مەنسۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تالىپ باي شۇ زامانلاردا مېيىدىكى تەسىرى بار بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاكىسى ھەسەن ھاجى دېگەن كىشىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن سودا ـ تىجارەت ساھەسىگە قەدەم قويۇپ، ئاكىسىغا ھەمكارلىشىپ بېشكەك بىلەن قەشقەر، ئاتۇش ئارىلىقىدا ئون يىلغا يېقىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئون يىل جەريانىدا ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى بېشكەكتە ئۆتكەن. بۇ جەرياندا ئۇ رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى يېڭىلىقلار، ئۆزگىرىشلەر ۋە تەرەققىياتلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان. ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار، سودىگەرلەر ۋە ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن ئۆز ـ ئارا ئالاقە ۋە سۆھبەتلەردە بولغان. بۇ خىل مۇھىت تالىپ بايغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئىدىيەسى، ياشاش ئۇسۇلى، ھاياتنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشى، قىسقىسى، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا غايەت زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان.

تالىپ باي ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر

تەرەپتىن تىجارەت ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرسە يەنە بىر تەرەپتىن پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتقان. ئۇ ئوغلى ھەسەن ھاجى (تالىپ باي بۇ ئوغلىغا مەرھۇم ئاكىسى ھەسەنھاجىنىڭ ئىسمىنى قويغان) ئون ياشتىن ھالقىغاندا، ئۇنى مىيى مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان موللا تالىپ ئاخۇن خەلپىتىمگە ئوقۇشقا بەرگەن. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياخشى بولغان ئوقۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىشى، ئۇستازىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە، ھەسەن ھاجى 16 ياشقا كىرگەندە قارىيلىقتىن ئۆتكەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇ يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، كىلاسسىكلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۇنى چۈشىنەلەيدىغان بولغان.

1934-يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، ھەرقايسى كەنتلەردە يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش ۋە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش پىلانىنى يولغا قويغاندا، تالىپ باي مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاپ، مىيىدا يېڭىچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ۋە ئوغلى ھەسەن ھاجىنى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا بەرگەن. ھەسەن ھاجى تالىپ ئوڭئېرىق





كەنتىدە ئېچىلغان ئالتە ئايلىق مۇددەتتىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى ۋە ئىنقىلابىي كۈرەش ئىرادىسىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان. مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ھەسەن ھاجى تالىپنى ئاتۇشنىڭ تېتىر كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇ 1938-يىلغىچە تېتىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا ھەسەن ھاجى تالىپ بارلىقى بىلەن يېڭىچە مائارىپ ئوقۇتۇشىغا يۈزلىنىپ، ئەۋلادلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتۇش، ئۇلارغا ئادىمىيلىك مىزانلىرىنى ئۆگىتىپ، ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى قانداق ئۆزگەرتىشنىڭ يولى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى بالىلار قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. يېڭىچە ئوقۇتۇش باشلانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇ كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن ئىقتىساد چىقىرىپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا دەپتەر- قەلەم، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىپ، بالىلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. بۇنىڭدىن سىرت كەنتتىكى ساۋاتسىزلارنى كەچ كۇرسلاردا ئوقۇشقا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم-مەرىپەت يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇ مانا

مۇشۇنداق جاپالىق ئىزدىنىش روھىي ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى بولغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغان.

1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئىككى يۈزلىمچى، جاللات شېڭ شىسەي پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا ئىلغار زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر بايلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما مولىلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، يوقىتىش، باستۇرۇشتەك جىنايەتلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغاندا، بۇ قارا قىسمەتنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن تالىپ باي ئوغلى ھەسەن ھاجى بىلەن بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سودا كارۋانلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇز داۋان يولى ئارقىلىق ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ بىر نەچچە ئاي غۇلجىدا تۇرغاندىن كېيىن، دادىسى بىلەن بىللە موڭغۇلكۈرەنىڭ شوتا يېزىسىغا بېرىپ ماكانلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شوتىدىكى باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەر ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشسىز ۋە تەلىم ـ تەربىيەسىز يۈرۈۋاتقانلىقىدەك ئەھۋالنى كۆرۈپ، 1939 ـ يىلى دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شوتىدا ئىككى سىنىپلىق





مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇيغۇر ۋە قازاق بالىلىرىدىن بولۇپ 40 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ ئوقۇتۇپ، ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۈيۈك مائارىپچىلىق ئىدىيەسىنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان يايلاقلارغا قەدەر كېڭىيىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان. 1942 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ مەكتەپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەن. ھەسەن ھاجى تالىپ شوتىدىن چىقىپ كېتىپ، ئاتۇشقا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئەكسىيەتچىلىكتە يەنە بىر قېتىم ئۇچىغا چىقىپ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە قارىتا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن بولغاچقا، ئۇ ئاتۇشتا يوشۇرۇن ھالدا شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقتىن 1945 ـ يىلى يەنە غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. 1948 ـ يىلى دادىسى تالىپ باي موڭغۇلكۈرەدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاكىسى ئۇسەن قاري بىلەن بىللە دادىسىنىڭ سودا ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ 1954 ـ يىلغىچە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ يىللارغا كەلگەندە سودا ـ سېتىق

ئىشلىرىغا چەك قويۇلغانلىقتىن ئۇ موڭغۇلكۈرە شوتىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مەرھۇم ئىزچى ھەسەن ھاجى تالىپ 1997 ـ يىلى 84 يېشىدا موڭغۇلكۈرە شوتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.







ئوسمان ئابدۇللا
(1983 ـ 1913)

# ئوسمان ئابدۇللا

ئوسمان ئابدۇللا 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتى تۇمابېشى مەھەللىسىدە تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر ئابدۇللا موللا تۇردى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوسمان ئەپەندىنىڭ دادىسى ئابدۇللا ئاكا ئاتۇش خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر موللا تۇردى ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپلا دادىسى موللا تۇردى ھاجىمغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ دۇنيانى ئايلىنىپ، تۈركىيە، ھىندىستان، كەشمىر، ئەنجان، قاراقول قاتارلىق دۆلەت ۋە چوڭ شەھەرلەردە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزى ئېچىلغان ۋە دۇنيانى چۈشەنگەن. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ تارىخي تەقدىرى ۋە مىللەتنى ئويغىتىپ خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان ئاڭ ۋە ئىدىيەنى شەكىللەندۈرگەن.

1910 ـ يىللارغا كەلگەندە جەدىتىزم ئېقىمىغا ئىگە مۆھتەرەم زات موللا تۇردى ھاجىم ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ، يۇرتى ئوڭئېرىقتا چوڭ خانىقا ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ يېڭىچە مەكتەپ سېلىشقا باشلىغاندا، چوڭ ئوغلى ئابدۇللانى بۇ قۇرۇلۇشقا باشتىن ـ ئاخىر مەسئۇل بولۇپ زامانغا لايىق، كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئابدۇللا ئاكا بۈيۈك بىر ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەينى يىللاردا كىشىلەر تەرىپىدىن «ياۋروپاچە

مەكتەپ» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ مەرىپەت ئوچىقى تاكى 1916 ـ يىلى تولۇق پۇتۇپ چىققانغا قەدەر ئۆزى ئۇستىدە تۇرۇپ، قول سېلىپ ئىشلىگەن. مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن ئۇ دادىسى موللا تۇردى ھاجىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاتۇش تىجەنلىك ئۆلىما موللا ئەزىز داموللامنى تەكلىپ قىلىپ، ئوڭئىبرىق ۋە ئەتراپتىكى يۇرت ـ كەنتلەردىن ئوقۇغۇچى (تالىپ) لارنى يىغىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. موللا ئەزىز داموللام 1929 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە مۇدەررىسلىك قىلغان. 1925 ـ يىلىغا كەلگەندە ئابدۇللا ئاكا ئوغلى ئوسماننى موللا ئەزىز داموللامنىڭ تەربىيەلىشىگە بەرگەن. 1929 ـ يىلى موللا ئېزىز داموللام قازىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، مەشھەد بازىرىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، موللا تۇردى ھاجىم ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇقۇمۇشلۇق زات مەمتىمىن قاري ھاجىم (سوپىزادە) نى قەشقەر بايلىرىدىن سوراپ ئاتۇشقا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى يۇرتى ئوڭئىبرىقتا ئوقۇتقۇچىلىققا قويغان. مەمتىمىن سوپىزادە دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئېلىپبە، ھېساب ۋە رەسىم قاتارلىق پەننىي بىلىملەرنى قوشۇپ ئۆگەتكەن. ئوسمان ئابدۇللا ئىككى يىلغا يېقىن بۇ زاتنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ دىنىي ۋە پەننىي تەرەپلەردىن خېلى پۇختا بىلىم ئاساسىنى تىكلىگەن.

1934 ـ يىلى يازدا مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئوڭئىبرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، ئوسمان ئابدۇللا ئىلغار ياشلار قاتارىدا بۇ كۇرسقا





قاتناشقان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا كۇرس ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئوسمان ئابدۇللانى سۈنتاغ كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە باش مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت يېڭى، قايناق ھايات مۇھىتىغا چىن ئىشتىياقى بىلەن سىڭىپ كىرىپ، بارلىقىنى ئەۋلادلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى لايىھەلەشكە ئاتا قىلغان. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن ھەمكارلىشىپ سۈنتاغ كەنتىدە قىزلار سىنىپى ئېچىش ۋە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن يېقىندىن ياردەمدە بولغان. مەمتىلى ئەپەندى قوزغىغان يەنە بىر غايەت زور دولقۇن ـ ئومۇمىيۈزلۈك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ئۆز رولىنى تولۇق جاري قىلدۇرغان.

1937 ـ يىلى مايدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە شۇ يىلى كۈزدە قانچىلىغان زىيالىيلار، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر، تەرەققىيپەرۋەر بايلار قاتارىدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ كۈچا ناھىيەسىدە شېڭ شىسەي كۈچلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن شۇ تۇتۇلغانچە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇشى ئوسمان ئابدۇللانىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ بوۋىسى موللا تۇردى ھاجىمنىڭ ياشقا چوڭىيىپ قېلىشى ۋە دادىسى ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بۇ جەمەتنىڭ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ،

ئىگىلىكىنىڭ ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىشى سەۋەبلىك ئوسمان ئابدۇللا ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن، سودا ئىشلىرىنىڭ تازا ئوڭۇشلۇق بولماسلىقى ۋە 1941 ـ يىلى بوۋىسى موللا تۇردى ھاجىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئوسمان ئابدۇللا بىر مەزگىل ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن سودا تىجارەت ساھەسىگە قەدەم قويۇپ، ئاتۇش بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدا تىجارەت قىلغان. 1946 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىگە چىقىپ كېتىپ ناھىيە بازىرى قاش بويى مەھەللىسىدە ئولتۇراقلاشقان.

1953 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىغا خىزمەتكە چۈشۈپ 1958 ـ يىلىغىچە تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1958 ـ يىلى خىزمەتتىن توختىتىلغان. 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈرلۈك تەكشۈرۈش، ئېنىقلاشلاردىن قۇتۇلۇپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئائىلىسىنىڭ تەركىبى پومېشچىك دەپ تارتىپ چىقىلىپ، تۆت خىل ئۇنسۇرلار قاتارىدا ئۆزگەرتىشكە قاتناشتۇرۇلغان. 1979 ـ يىلى پومېشچىك قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980 ـ يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك تەمىنات سودا كوپىراتىپىدىن خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان. مەرھۇم ئىزچى ئوسمان ئابدۇللا 1983 ـ يىلى 70 يېشىدا ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.





ئوبۇلخەيرى ھاشىم
(1973 ـ 1911)

# ئوبۇلخەيرى ھاشىم

ئوبۇلخەيرى ھاشىم 1911-يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتى شالا (شاھلار) مەھەللىسىدە دىندار ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئوبۇلخەيرئاخۇننىڭ دادىسى ھاشىم قازى داموللام شۇ دەۋرلەردە كىشىلەر ئارىسىدا خېلى يۇقىرى ئابرۇي- ئىناۋەتكە ئىگە دىنىي زات بولۇپ، يۇرتىنىڭ چوڭ- كىچىك ئىشلىرىدا توغرا مەيداندا تۇرۇپ، ئاۋامنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆز قاراشلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش- ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. بۇ مۆھتەرەم زات ئوغلى ئوبۇلخەيرئاخۇننى توققۇز يېشىدىن باشلاپ بىلىملىك، ئىمان- ئېتىقادلىق بالا قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئائىلىدە قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىپ، باشلانغۇچ دىنىي تەربىيە ئاساسىنى ياراتقان. ئەدەپ- ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتلەردىن ئادىمىيلىك تەربىيەسىنى سىڭدۈرۈشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتقان. ئوبۇلخەيرى 15 ياشلارغا كىرگەندە مەشھەدتىكى «سۇلتانىيە مەدرىسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، داڭلىق ئۆلىما، موللىلارنىڭ تەلىم تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە پەنگە مۇناسىۋەتلىك ئىلغار قاراشلىرى ۋە

ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئاكىسى مەداخۇن (ئەركىلەتمە ئىسىم بولۇشى مۇمكىن) دېگەن كىشىگە ئەگىشىپ بىر مەزگىل سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا ئىككىنچى قېتىملىق مائارىپچىلىق ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندا، ئوبۇلخەيرى ھاشىم ئىلغار ياشلار قاتارىدا بۇ كۇرسقا قاتنىشىپ، ئوڭئېرىقتا ئالتە ئاي ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ئوبۇلخەيرى ھاشىمنى ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتىدىكى قەدىمجاي باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان. شورۇق قەدىمجاي ئىپتىدائىي مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىسى، ئاتۇشنىڭ ئاياق شورۇق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇلجان ئاكا (93 ياش) ۋە قۇربان بارات (91 ياش) ئاكىلارنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئوبۇلخەيرى ھاشىم 1943 ـ يىلىغىچە توپتوغرا سەككىز يىل شورۇقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ مەزگىللەردە ئۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك خىزمەتكە بارلىقىنى ئاتاپ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن






ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئوبۇلخەيرى ھاشىمنى بىلىدىغان شورۇق خەلقىنىڭ قەلبىدە بۇ مېھرىبان، تەلەپچان ئۇستازنىڭ تەسىرى ھېلىھەم ساقلىنىپ، يادلىنىپ كەلمەكتە. 1944 ـ يىلى ئۇ ئاتۇش ناھىيەلىك مائارىپ ئويۇشمىسىنىڭ تەكشىشى بىلەن شورۇقتىن مەشھەد قۇمباغ مەكتەپكە يۆتكىلىپ 1947 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

1947 ـ يىلىدىن كېيىن ئاتۇش ناھىيەلىك قورچاق ھۆكۈمەت ئۇنى «گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەردە بولدى» دېگەن گۇمان بىلەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن توختىتىپ ئائىلىسىگە قايتۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئوبۇلخەيرى ھاشىم قاتتىق نازارەت ئاستىدا خام توقۇش ھۈنىرى بىلەن جاھاندارچىلىق قىلغان. 1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1957 ـ يىلى ئۇ ۋەزىيەتتە بولۇۋاتقان بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن تونۇپ يېتىپ، ئايالى ۋە ھازىر قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق قىزى سەلىمىخاننى ئېلىپ غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن. ئايالى گۈلخاننىڭ ئاكىسى ھەسەن ئۆمەر دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن سۈيدۈڭ ناھىيەسىنىڭ روشەنباغ مەھەللىسىدە جاي ـ ماكان قۇرۇپ ئولتۇراقلاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ

كېيىنكى ئۆمرىنى دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە تىجارەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. مەرھۇم ئىزچى ئوبۇلخەيرى ھاشىم 1973 ـ يىلى 62 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن سۇيدۇڭ ناھىيەسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.







ئۇسەن قارىي ھىلىم
(1911 ـ )

# ئۇسەن قارىي ھېلىم

2009-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ مەشھۇر مائارىپچى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ 1934-يىلى ئاتۇش ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلىرىدىن دېرىكىنى ئالالىغان 54 نەپەر جەڭگىۋار ئىزچىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئۇچۇر ئىگىلەشنى باشلىغاندىن كېيىن، ئىزچى ئۇسەن قارىي توغرىسىدا ھېچ قانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالماي ئىچىم تىت-تىت بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئاتۇشنىڭ تەختىيۈن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق مامۇت ھاجى (91 ياشتا) بوۋا بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ قالدىم. ياشنىپ قالغان، خۇشچىراي، تولىمۇ مېھرى ئىسسىق بۇ بوۋاي ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەپ كېلىپ، مەمتىلى ئەپەندى مۇئەللىملەرنى ھەر قايسى كەنتلەردىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلغاندا، تەختىيۈن مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان مۇئەللىملەر قاتارىدا ئاتۇش مەشھەتلىك ئۇسەن قارىي دېگەن بىر مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكى، بىر يىلغا يېقىن ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشقا ئورۇنغا كەتكەنلىكى توغرىسىدا قىسقا، ئەمما قىممەتلىك بولغان ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى. گەرچە مەن بۇ ئىزچىنىڭ پەقەت تەختىيۈن كەنتىدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپكە مۇئەللىم بولغانلىقى توغرىسدىلا ئۇچۇر ئالالىغان

بولسامۇ، بۇنىڭدىن شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم.

ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ 2010 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىزچى ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجىنىڭ قاراماي شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى لىۋايىدىن هاجى ئاكا دادىسىنىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتىپ بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا تېلېفون ئېلىپ، ئىزچى ئۇسەن قارىي توغرىسىدا مۇنداق بىر قىممەتلىك ئۇچۇرنى يەتكۈزدى: «2007 ـ يىلى ھەج سەپىرىدە ئاتۇشلۇق 20 نەچچە هاجى بىلەن بىللە جىددىدە، ئۇسەن قارىي هاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە مېهمان بولغانلىقى، داستىخان ئۈستىدە ئۇ كىشىنىڭ ھەر بىر هاجىدىن قايسى يۇرتتىن، كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىرمۇبىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەنلىكى، نۆۋەت لىۋايىدىن هاجىمغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى ‹مەن ئاتۇشنىڭ تىجەندىن، هازىر قارامايدا تۇرىمەن، ئابدۇرېشىت ئىمىنهاجى دېگەن كىشىنىڭ بالىسى بولىمەن› دەپ تونۇشتۇرغانلىقى، ئۇسەن قارىي هاجىمنىڭ بۇنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ: ‹سىز مېنىڭ ساۋاقداشىمنىڭ بالىسى ئىكەنسىز، بىز 60 قا يېقىن بالا ئوڭئېرىقتا مەمتىلى ئەپەندىدە ئوقۇغان، بەلكى شۇلارنىڭ ئارىسىدا هايات قالغىنى مەن بولۇشۇم مۇمكىن...› دەپ مەمتىلى ئەپەندى ۋە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە ئائىت بىرمۇنچە ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى، ئۇ كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتا خېلىلا تېمەن ئىكەنلىكى، هازىر بەلكىم هايات بولۇشى مۇمكىنلىكى» نى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇ ئۇچۇردىن





خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك سۆيۈندۈم ـ دە، ئەتىسىدىن باشلاپ ئاتۇش مەشھەتتىكى چوڭلاردىن، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ۋە بىر قىسىم هاجىلاردىن كۆپ قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇسەن قارىينىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىدىغان كىشىلەرنى تاپالمىدىم.

2010 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىزچى روزى كىرىمنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىم هاجىم (مېنىڭ تاغام) ھەجگە ماڭغاندا مەن ئۇنىڭغا، لىۋايىدىن هاجى ئاكا تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن ئۇسەن قارىي توغرىسىدا چوقۇم بىرەر ئۇچۇر ئالغاچ كېلىش توغرىسىدا ئالاھىدە جېكىلىگەن ئىدىم. 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئابدۇكېرىم هاجىم ماڭا تېلېفون بېرىپ، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇسەن قارىينىڭ دېرىكىنى ئالالىغانلىقى، ئۇنىڭ ھېلىمۇ هايات ئىكەنلىكى، ئاقسۇ ئاۋاتتا بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ باللىرى بار ئىكەنلىكى، لېكىن ئۇسەن قارىي بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى چىقىرالمىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى. مەن بۇ ئۇچۇرغا ئاساسەن ئاقسۇ ئاۋاتقا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇسەن قارىينىڭ جىيەنى ئابدۇغوپۇر هاجىم ئاكا (ئاكىسى مۇھەممەت رېهىم هاجىمنىڭ ئوغلى) بىلەن ئۇچراشتىم. بۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كىشى تاغىسى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «تاغام بۇ يىل 99 ياشقا كىردى، ئالدىمىزدا يىل ئۆرۈلسە 100 ياشقا كىرىدۇ. ئۇ بەك ئوبدان تۇرغان ئىدى، بىر يىلدىن ئاشتى، كۆزى تازا ياخشى بولماي نەچچە ئاينىڭ

ئالدىدا پەرزەنتلىرى ئۇنى گېرمانىيەگە ئېلىپ بېرىپ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان ئىكەن، ياشقا چوڭىيىپ قالغاندا ئوپېراتسىيەنى كۆتۈرەلمەي قالدىمۇ قانداق، شۇنىڭدىن كېيىن سەل بوشاپ قاپتۇ...» دەپ ئۇنىڭ هاياتى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتى. مېنىڭ تەلەپ قىلىشىم بىلەن ئابدۇغوپۇر هاجى ئاكا تاغىسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئېلىپ بىزنى تېلېفوندا ئۇچراشتۇردى. گەرچە مەن بۇ تەۋەررۈك ئىزچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك، ئىزچىلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى بىر قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى سوراپ بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان بولساممۇ، بىر نەچچە ئېغىز سالاملىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مۇبارەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن هاياجانلاندىم هەم ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشقا بەكمۇ كېچىكىپ تۇتۇش قىلغانلىقىمدىن، بۇ تەۋەررۈك شاهىد توغرىسىدا بۇرۇنراق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغانلىقىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. ئابدۇغوپۇر هاجى ئاكا ئۇسەن قارىي هاجىمنىڭ ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەن ئەسلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭ هايات پائالىيەتلىرى توغرىسىدا مېنى بەلگىلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭگىۋار ئىزچىلار ئىچىدە بۈگۈنگە قەدەر ياشاپ كەلگەن تەۋەررۈك ئىزچى ئۇسەن قارىي هېلىم 1911 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشهەت كەنتىدە تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات هېلىم هاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. هېلىم هاجىمنىڭ مۇھەممەت رېھىم، ئابدۇكېرىم، هەسەن ئاخۇن، مەمتىمىن ئاخۇن ۋە ئۇسەن قارىي قاتارلىق بەش ئوغلى بولۇپ، ئوغۇللىرىنىڭ چوڭلىرى سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ كىچىك ئوغلى ئۇسەن قارىينى كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىدە ئۆزى تەربىيەلەپ، ئۇنى دىنىي جەھەتتىن مۇئەييەن بىلىم ئاساسىغا ئىگە قىلغان. ئۇسەن قارىي ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەندە هېلىم هاجىم ئوغلىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەشهەتتىكى سۇلتانىيە مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇسەن قارىي بۇ بىلىم يۇرتىدا ئىجتىهات بىلەن ئوقۇپ، هەر تەرەپلىمە بىلىم ئېلىپ 18 ياشقا كىرگەندە مۇكەممەل قارىي بولۇپ يېتىشىپ چىققان. كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئەدەپ ـ قائىدە، شۇنىڭدەك ئادىمىيلىك تەرەپلەردە ئەتراپلىق يېتىلىپ دەۋرداشلىرى ئارىسىدا ئالاهىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن «ئۇسەن قارىي» دېگەن نام بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشنى مەركەز قىلىپ يېڭى مائارىپچىلىق هەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغىغاندا ئۇسەن قارىي هېلىم ئىلغار ياشلار قاتارىدا ئوقۇشقا كىرىپ، ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان

ئالته ئايلىق مۇددەتتىكى «مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى» دا ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا «مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى ئاتۇشنىڭ تەختىيۇن كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇسەن قاريي ئىسلام 1936 ـ يىلغىچە تەختىيۇن مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ بىلىمگە، يېڭىلىققا ۋە ئويغىنىشقا تەشنا ئەۋلادلارنىڭ قاغجىرىغان دىللىرىغا يېڭىچە مائارىپ مەزمۇنى بىلەن ئىلىم ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئاتۇش تۇپرىقىدا ئىككىنچى قېتىم روياپقا چىققان يېڭى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ئىزچىللىشىشى ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ خىزمەت قىلغان. 1936 ـ يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەمتىلى ئەپەندى ئۇسەن قارىينى تەختىيۇن مەكتەپتىن ئىشتارچى مەكتەپكە يۆتكىگەن. ئۇ بىر يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىشتارچى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان. 1937 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ مىللىتارىست شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، پۈتكۈل شىنجاڭ مىقياسىدا ئىلغار زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر بايلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى قولغا ئېلىش، ئۆلتۈرۈشتەك





جىنايەتلىك قىلمىشى ئەۋجىگە چىققان كۈنلەردە ئۇسەن قارىينىڭ ئاقسۇ ئاۋاتتا تىجارەت قىلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىلىرى ئۇنى ئاتۇشتىن ئاۋاتقا ئېلىپ كەتكەن. ئۇ بىر يىل ئاكىلىرىنىڭ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1939 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە ئاۋات ناھىيەلىك ئاقارتىش شۆبە ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەپ، ئاۋاتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىشى ۋە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان. 1941 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ 1943 ـ يىلىغىچە مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن.

1943 ـ يىلى ئۇسەن قاريي ھېلىم غۇلجىغا چىقىپ، ئىلىدىكى ئىنقىلابىي ئىدىيەگە ئىگە ياشلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، گومىنداڭ ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان. ئۇ 1943 ـ يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلامچىلىقىدا قۇرۇلغان «ئازادلىق تەشكىلاتى» غا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىدىغان، خەلقنى ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1944 ـ يىلى خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەقسىتىدە ئىلى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىپ، غۇلجىنى ئازاد

قىلىش ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق ئىرادىسىنى نامايەن قىلغان. 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى جەنۇبىي يۆنىلىش قىسمى تەركىبىدە ئاقسۇنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق بىتىم»نىڭ روھىغا ئاساسەن مىللىي ئارمىيە تەرتىپكە سېلىنغاندا، ئۇسەن قارىي ھېلىم قىسقارتىلغان ئەسكەر ئارىسىدا ئەسكەرلىكتىن چېكىندۈرۈلگەندىن كېيىن، 1947 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

1948 ـ يىلى ئاكىسى مۇھەممەت رېھىم بىلەن بىللە ئاتا ـ ئانىسىنى ئېلىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىگە يېتىپ بارغاندا ھەج قىلغۇچىلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان پاراخوتقا كېچىكىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەج پائالىيەت ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانلىقتىن، ئۇلار جىددىي مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇسەن قارىي كاراچىدا قالىدىغان، ئاكىسى ئاتا ـ ئانىسىنى ئايرۇپىلان بىلەن ھەجگە ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ كېلىشكەن. ئۇ كاراچىدا ئاتۇشتىن چىقىپ پاكىستاندا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان غۇلام مويدىن ھاجى (بۇ كىشى كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان) دېگەن كىشى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت





قىلغان. ئاتا ـ ئانىسى ھەجدىن قايتىپ كاراچىغا كەلگەندە ئانىسى جىمىلخان ھاجىم كاراچىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇسەن قارىي دادىسى بىلەن ئاكىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى سودا ئىشلىرى بىلەن پاكىستاندا تۇرۇپ قالغان. ئۇ 1949 ـ يىلى ھەج تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىسمائىل ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ قىزى پاتىمە خېنىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ جىددە شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا سودا ئىشلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، جىددە بىلەن كاراچى ئارىلىقىدا ساندۇقچىلىق (ئۇرۇس ساندۇقى) تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سودا ئىشلىرى بەرىكەت تېپىپ، ئاستا ـ ئاستا جىددەدىكى بايلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇ يات ئەلدە ئىگىلىك تىكلەش بىلەن بىرگە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ۋەتىنىدە يا قانغۇدەك ئوقۇيالمىغان، يا يەتكۈدەك ئوقۇتالمىغان ئارمانلارغا يارىشا بىر مەسئۇلىيەتچان ئاتا سۈپىتىدە پەرزەنت تەربىيەسىگە سەزگۈر قاراپ ، ئالتە پەرزەنتىدىن بىر قىزىنى ئامېرىكىدا، بىر ئوغلىنى ئەنگلىيەدە، قالغان پەرزەنتلىرىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقان. ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مائارىپ، پۇل مۇئامىلە ۋە باشقا

ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئىشلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلمەكتە.

2011 ـ يىلى ھاياتىدىكى 100 ـ باھارنى كۈتۈۋالغان تەۋەررۇك ئىزچى ئۇسەن قارىي ھاجى ھېلىم ئۆمرىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنى جىددىدە پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەكتە.





ياسن هاشم
(1989 ـ 1913)

# ياسىن هاشىم

ياسىن هاشىم 1913 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتى ئوكىچا مەھەللىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 12ياشقا كىرگىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ياسىن هاشىمنىڭ ئانىسى تۇردىخان بۇۋىم شۇ زامانلاردا بۇيامەتتە تونۇلغان سودىگەر مەتتۇردى باي دېگەن كىشىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇقۇمۇشلۇق، خېلى مۇكەممەل دىنىي تەلىم ئالغان تەلەپچان ئايال ئىدى. ئۇ پەرزەنتىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ياسىن هاشىم 12 ياشقا كىرگىچە ئۆزى قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىپ، دەسلەپكى دىنىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە قىلغان. 1925 ـ يىلىدىن باشلاپ ياسىن هاشىمنى بۇيامەتتىكى داڭلىق ئۆلىما مامۇت قاري هاجىمغا ئوقۇشقا بەرگەن. ئائىلىدە ئانىسىنىڭ ياردىمىدە دەسلەپكى بىلىم ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈۋالغان ياسىن هاشىم ناهايىتى تېزلا ئوقۇشقا كىرىشىپ، قىسقىغىنا ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە قارىيلىقتىن ئۆتۈپ ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغان ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر تەرىپىدىن ياسىن قاري دەپ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوڭئېرىق كەنتىدە قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچقاندا، ياسىن هاشىم ئىلغار ياشلارنىڭ بىرى بولۇپ كۇرستا ئوقۇغان.

1935 ـ يىلى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ياسىن هاشىمنى ئىشتارچى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەقسىم قىلغان.

ياسىن هاشىم ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق هېسسىياتى بىلەن بارلىقىنى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ۋە ئاقارتىش خىزمىتىگە بېغىشلاپ، 1938 ـ يىلغىچە ئىشتارچى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1938 ـ يىلى مەشهەد قۇمباغ مەكتەپكە يۆتكىلىپ 1940 ـ يىلغىچە مەشهەدتە ئىشلىگەن. 1940 ـ يىلى تىجەن شەنلى(ناهىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ) مەكتەپكە يۆتكىلىپ 1944 ـ يىلغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتى بۈيامەت مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ يۆتكىلىپ 1949 ـ يىلغىچە ئىشلىگەن. ئۇ مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىللەردە ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى تولۇق تونۇپ، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي جەهەتتىن توغرا ۋە ياخشى باشقۇرۇلۇشىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، تېگىشلىك دەرس ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماسلىقتەك پىداكارلىق روهىنى نامايان قىلغان.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ياسىن هاشىم غۇلجا شەهىرىدە





ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىسى مامۇت مەخسۇمنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن غۇلجىغا چىقىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئاكىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئاكىسى ئۇنى غۇلجىدا قېلىپ ئۆزىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ ئىگىلىك تىكلەش تەكلىپىنى بەرگەن، ياسىن هاشىم بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان. ئاكىسى ئۇنىڭغا غۇلجىدىن باشقا خىزمەت تېپىپ بۇ يەردە ئىشلەش تەكلىپىنىمۇ بەرگەن، لېكىن ياسىن هاشىم بۇ تەكلىپنىمۇ رەت قىلىپ، 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن. بىر مەزگىل ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، 1954 ـ يىلى دەسلەپكى هەمكارلىق كوپىراتىپلىرى قۇرۇلغاندا، بۈيامەت هەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ باش بوغالتىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1958 ـ يىلغىچە بوغالتىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ هۆرمىتىگە ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن.

1958 ـ يىلى باشلانغان ئىستىل تۈزىتىش هەرىكىتىدە بۇ مۆهتەرەم ئۇستازغا «تارىخىي مەسىلىسى بار» دەپ تۆهمەت قىلىنىپ، تارتىپ چىقىرىلغان. خىزمەتتىن توختىتىلىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە چۈشۈرۈلگەن. «تارىخىي ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق بىلەن 20 يىل ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ، كۈرەشلەرگە تارتىلىپ، هاياتىدىكى چىدىغۇسىز ئازابلىق كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. 1979 ـ يىلى يالغان خاتا، ئۇۋال



ياسىن تۇردى

(1911 ـ 1988)



دېلولار ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ياسىن ھاشىمغا ئۇۋال قىلىنغان دەپ قايتا ھۆكۈم چىقىرىلىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1989 ـ يىلىغىچە ئائىلىدە دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كۆچۈرگەن. 1989 ـ يىلى يازدا غۇلجىغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، قاراشەھەردە سەپەر ئۈستىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ جەسىتى ئاتۇشقا ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بوستانلىقتىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.



# ياسىن تۇردى

ياسىن تۇردى 1911 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ لەڭگەر كەنتى قارا ياغاچ ئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925 ـ يىلىغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان. ئۇ 14 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئەينى چاغدىكى ئەنئەنىۋي مائارىپ — مەدرىسىدە ساۋات چىقارغان ۋە بەلگىلىك دەرىجىدىكى دىنىي تەربىيەگە ئىگە بولغان. 1932 ـ يىلىدىن باشلاپ جاھالەتچى ئۆلىما، موللىلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرى سەۋەبلىك، ئوڭئېرىقتىن تاغ ئاغزى لەڭگەرگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەمتىمىن قارىي ھاجىم (سوپىزادە) دېگەن كىشىدە ئوقۇپ، ئۇنىڭ جەدىتىزملىق ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان.

1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىنى قوزغاپ، مۇئەللىم يېتىشتۇرۇش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ياسىن تۇردى ئىلغار ياشلار قاتارىدا كۇرسقا تىزىملىتىپ، ئوڭئېرىقتا ئېچىلغان مۇئەللىملەر يېتىشتۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى يانۋاردا مەمتىلى ئەپەندى ياسىن تۇردىنى تېتىر كەنتىدە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەقسىم قىلغان. ئۇ 1940 ـ يىلىغىچە تېتىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، بىلىمگە تەشنا ئەۋلادلارنىڭ چاڭقىغان قەلبىگە ئىلىم ئۇرۇقىنى چېچىپ، شاگىرتلىرى

ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرغان.

1940-يىلى ئاتۇشنىڭ مېيى، تېتىر، لەڭگەر، كۆكۆل كەنتلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بالىلاردىن يېشى چوڭ ئوقۇغۇچىلارنى مېيى مەكتەپكە يىغىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى تەسىس قىلغاندا، ياسىن تۇردى بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ تاكى 1947-يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1944-يىلىدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ياراملىق ئىز باسارلاردىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن توختاۋسىز تەربىيە ئىشلىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلغار ئىدىيەگە ئىگە ياشلارنى تەربىيەلەش ۋە تەشكىللەشكە ئاتلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشتەك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ياسىن تۇردىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغانلىقتىن 1947-يىلى ئۇ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. ياسىن تۇردى





قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مەخپىي ھالدا ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنى توختاتمىغان.

ياسىن تۇردى 1950-يىلى 1-ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە خىزمەتكە چۈشكەن. بۇ ئورۇندا خىزمەتلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، تەشكىل ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەشتەك پىداكارلىق روھىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1952-يىلى يوپۇرغا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسى بىلەن يۆتكىگەن. ئۇ 1958-يىلىغىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە پۇقرالارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا ئەجىر سىڭدۇرۇپ جاپالىق ئىشلىگەن.

1958-يىلى «سول» چىل لۇشيەننىڭ تەسىرى بىلەن خاتا ھالدا زەربە بېرىلىپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ، جاپالىق ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. 1979-يىلى ناھەق، يالغان، ئۇۋال دېلولار ئاغدۇرۇلغاندا، ياسىن تۇردىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ يوپۇرغىدىن ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ

يېڭى هاياتىنى داۋاملاشتۇرغان. 1982 ـ يىلى ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يوپۇرغا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىقىرىلغان. مەرھۇم ئىزچى ياسىن تۇردى 1988 ـ يىلى 77 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئاتۇش لەنگەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.





# يۈسۈپ روزى

يۈسۈپ روزى 1911 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتى تۈز مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1925 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە بولغان، 14 ياشقا كىرگەندە تۆركۈل ئازنا مەسچىتتىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ ئىسلامئاخۇن خەلپىتىمدىن دىنىي تەلىم ئالغان. ئۇ مەدرىسەدە ئالتە يىل تىرىشىپ ئوقۇپ قارىيلىقتىن ئۆتكەن. ئۇستازى ئىسلامئاخۇن خەلپىتىمنىڭ تەسىرى بىلەن بەلگىلىك ئىلغار ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراشقا ئىگە بولغان. يۈسۈپ روزى 1932 ـ يىلى ۋاقۋاقلىق ئىمىن ئۇستام (بۇ كىشى شۇ دەۋردە ئاتۇشتا داڭقى بار تىككۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى يىللىرى ئىزچىلار فورمىسىنى تىكىشكە قاتناشقان ئۇستىلارنىڭ بىرى) دېگەن كىشىنىڭ قىزى ھېلىمىخان بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. يۈسۈپ روزىنىڭ قارىيلىقتىن ئۆتكەن ياش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقۋاق جامائىتى مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى باللارغا دىنىي تەلىم بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. چۈنكى بۇ مەزگىلدە ۋاقۋاقتا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان تۆركۈللۈك ھاجى ئاخۇن خەلپىتىم سۇيىقەستچى كىشىلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىغا چىدىماي

ئوقۇتۇشنى تاشلاپ، تۆركۆلگە قايتىپ كېتىپ، باللار تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. يۇسۇپ روزى ۋاقۋاققا چىققاندىن كېيىن تالىپلار قايتىدىن يىغىلىپ دەرس باشلانغان. شۇنىڭدىن باشلاپ يۇسۇپ روزى كىشىلەر تەرىپىدىن «يۇسۇپۇللا خەلپىتىم» دەپ ئاتالغان.

1934 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق دولقۇنىنى قوزغاپ، مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى تىزىملاشنى باشلىغاندا، يۇسۇپ روزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ كۇرسقا تىزىملىتىپ ئوڭئېرىق كەنتىدە ئالتە ئاي ئوقۇغان. ئوقۇش جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلىش ئارقىلىق يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىزچىلار ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. 1935 - يىلى يانۋاردا مۇئەللىملەر كۇرسى ئوقۇشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى يۇسۇپ روزىنى ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئاتۇشنىڭ مېيى كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىققا قەدەم قويغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىنى ئەۋلادلارغا يېڭى پەن بىلىملىرىنى بېرىشكە سەرپ ئېتىپ، ئىلىمگە ۋە يېڭىلىققا تەشنا باللار قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۈچمەس تامغىلىرىنى باسقان. مېيى





كەنت ياۋۇ كوچا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق سەيدۇللا ئاكا (92 ياش) يۇسۇپ روزىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: « يۇسۇپ ئەپەندى ئىگىز بويلۇق، ئېغىر بېسىق، ئۆتكۈر پىكىر قىلىدىغان كىشى ئىدى. دەرسنى ناھايىتى جانلىق سۆزلەيتتى. دەرستىن چۈشكەندە باللارنى كۆل بويىدىكى سۆگەت سايىسىغا يىغىۋېلىپ چوڭقۇر مەنالارغا ئىگە جەڭگىۋار ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، بىزنى ھاياجانلاندۇرۇۋېتەتتى. ئارىدىن بەك ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ سىيماسى ھازىرقىدەكلا كۆز ئالدىمدا...».

شۇنداق، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەقىقىي مەناغا ئىگە بولغان ھەر بىر ئېغىز سۆزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭ نۇرانە سىيماسى كۆز ئالدىدا مەڭگۈ نۇرلىنىدۇ. 1937 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جاللات شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئىلغار زىيالىيلارغا قارىتا كەڭ - كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، يوقىتىش سۇيىقەستىنى يولغا قويۇپ ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىقنى باشلىغاندا، مىللەتنى نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن مائارىپچىلىق يولىدا جان كۆيدۇرۇپ كېلىۋاتقان نەۋقىران ئىزچى يۇسۇپ روزى ساۋاقدىشى ۋە خىزمەتدىشى ئابدۇراخمان

شائىر قاتارلىقلار بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ، 26 يېشىدا شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن.







# ئاخىرقى سۆز

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆزۈرىغا سۇنۇلغان «ئىزچىلار» نامىدىكى بۇ كىتابنىڭ روياپقا چىقىشىدا ئاساسلىقى، مېنىڭ ئىزچىلارغا بولغان چوڭقۇر ئېتىقادىم، ساپ مۇھەببىتىم ۋە ئەڭ ئالىي ھۆرمىتىم بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ رول ئوينىدى. چۈنكى كىچىكىمدىن تارتىپ بوۋام روزى كېرىم ئەپەندىدىن 1930 ـ يىللاردا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، ئاتۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا يولغا قويۇلغان، جاھاننى لەرزىگە سالغان يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، مەمتىلى ئەپەندى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن، ياشلىق غورۇرى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئىزچىلار، ئۇلار ئوقۇغان جەڭگىۋار ناخشا ـ مارشلار، ئىزچىلارنىڭ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىدە ئوينىغان رولى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار دۇچ كەلگەن تارىخىي قىسمەتلەر. . . توغرىسىدا ھەم ئادەمنى تەسىرلەندۈرگۈسىز ھاياجانغا سالىدىغان، ھەم كىشىنىڭ نەپسىنى سىقىپ، ئاچچىق ھەسرەتكە سالىدىغان ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ، گۆدەك قەلبىمدە ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭگىۋار مائارىپ ئاساسچىلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت پەيدا بولغان ئىدى. باللىقتىكى ساددا تەسەۋۋۇر ئىلكىدە ماكان، زامان چەكلىمىسىنى نەزەرگە ئالماستىن، ئىزچىلار توغرىسىدا تەرتىپسىز سوئاللارنى سوراپ يۈرۈپ بوۋامغا ئارامچىلىق بەرمەسلىك بەدىلىگە، بۇ مەرىپەت ئاشىنالىرى توغرىسىدا

يۈزەكى چۈشەنچىلەرگىمۇ ئىگە بولغان ئىدىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بوۋام بىلەن بۇ ھەقتىكى پىكىرلىشىشلەر كۆپىيىپ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەندىكى بۇ خىل ھېسسىيات (گەرچە خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېچىككەن بولسىمۇ) 1934 ـ يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقان بۇ ئىلىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇتقان تۇنجى قارار ئىزچىلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئىلىپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇش ئىستىكىنى شەكىللەندۈردى.

بوۋامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە: «... ئوقۇغۇچى كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئاستىن ئاتۇش تەۋەسىدىن 63 نەپەر تالىپچان ، جەڭگىۋار ياش قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش باشلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن بۇيامەت كەنتىدىن ئەمەت قارى ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى ئېغىر دەرىجىدە ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى مەجبۇرىي ئوقۇشتىن چېكىندۈرگەن. ئىككى ئايدىن كېيىن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارغا بالىلىرىنى ئوقۇشتىن قايتۇرۇپ چىقىش بېسىمى ئىشلىتىشى، توسقۇنلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە، 20 گە يېقىن ئىزچى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان، ئىزچىلارنىڭ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى چەكلەشكە ئۇچرىغان، قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلگەن بۇ خىل جىددىي ئەھۋالدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىشى ۋە مەھمۇت شىجاڭنىڭ مەمتىلى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئىزچىلارنى يېقىندىن قوللاپ، ئىككى





نەپەر قوراللىق قوغدىغۇچىنى ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلۇپ، مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىزىغا چۈشكەن. قايتىدىن تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى 54 نەپەر ئىزچى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ يىمىرىلمەس كۈچىگە ئايلىنىپ، ئالتە ئايلىق ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئوقۇتۇش سېپىگە قەدەم قويغان...».

2008 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇنجى بولۇپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جىيەنى، ئاتۇشنىڭ بۇيامات كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق خېلىل راخمان ھاجى بوۋا بىلەن كۆرۈشۈپ، مەمتىلى ئەپەندى 1934 ـ يىلى كۈزدە ئوقۇغۇچى كەنتىدىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا تەربىيەلىگەن تۇنجى قارار ئىزچىلار توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى بىرەر كىتاب يېزىپ چىقىش ئويۇم بارلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. چىرايىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدىغان، خۇش پېئىل، تولىمۇ يېقىملىق بۇ بوۋاي مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «بەك ئوبدان ئويلاپسىز، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپسىز بالام. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىزچىلار ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلاپ، بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولى، سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە تارتقان رىيازەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ھاياتىنىڭ قىسمىتى تۈپەيلى پېشقەدەملەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن دۇنيادىن كېتىشى بىلەن، ئۇلارنى بىلىدىغان، پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدىغان

كىشىلەر ساناقلىقلا قالدى. ئىزچىلارنى پۈتۈن جەمئىيەت، جۈملىدىن بۈگۈنكى ئەۋلادلار چوقۇم بىلىشى كېرەك، مەن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن...» دېدى.

83 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ تەۋەررۈك بوۋاي ئەينى ۋاقىتتا ئوڭئېرىق كەنتىدە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇغان ئىزچىلاردىن 54 نەپەر ئىزچىنىڭ سالامەت ئوقۇش پۈتكۈزگەنلىكى، ئۇلارنىڭ تىزىملىكى، هەتتا ئۇلارنىڭ كۇرسنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا هەر قايسى دەرسلەردىن بەرگەن ئىمتىھان نەتىجىلىرىدىن تارتىپ ساقلىغانلىقىنى، بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۆزىنىڭ «خائىنىنىڭ پۇشتى» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن نۇرغۇن كىتاب- ماتېرىياللىرى قاتارىدا، بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ئۆكۈنۈش بىلەن سۆزلەپ بەردى. شۇنداقتىمۇ ئېسىدە قالغان ئىزچىلاردىن 28 نەپەر كىشىنىڭ ئىسمى، يۇرتى ۋە ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تەقسىم قىلىنغان مەكتەپ قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئەتتى. تۇنجى قەدەمدە ئېرىشكەن بۇ قىممەتلىك ئۇچۇردىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم ۋە سۆيۈنۈپ كەتتىم. مەن بۇ يەردە «ئىزچىلار» نامىدىكى تۇنجى ئەمگىكىم ئۈچۈن قىممەتلىك ئۇچۇر ۋە تىلەك بىلەن ماڭا مەدەت ۋە ئىلھام بەرگەن خېلىل راخمان هاجى ئەپەندىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

2009- يىلى 9- ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشنىڭ هەر قايسى كەنتلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، 1935- يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئىزچىلارنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ





ئۇلارنىڭ قولىدا ئوقۇغان، 85 ياشتىن هالقىغان هايات شاھىدلاردىن 46 كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلىدىم. ئۇلار مېنى ناھايىتى قىممەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ تەۋەررۈك بوۋاي، مومايلارنىڭ ياردىمى بىلەن 54 نەپەر ئىزچىنىڭ دېرىكىنى ئالالىدىم. بۇ قېتىمقى ئىزدەش سەپىرىدە پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئېرىشكەن زور نەتىجىنىڭ يەنە بىرى، ئىزچىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قايسى كەنتتىكى مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇپ تەقسىم قىلىنغانلىقى بولدى. بۇ هايات شاھىتلار ئەينى ۋاقىتتا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قايسى يۇرتتىن، قايسى مۇئەللىمنى ئېلىپ كېلىپ، قانداق بىر روھىي هالەتتە ئۆزلىرىگە تەنتەنىلىك تونۇشتۇرغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئەسلەپ بەردى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىسىدىن شۇ بىر نۇقتا ئېنىق بولدىكى، مەمتىلى ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتا ئىزچىلارنى ئۆز كەنتىدىن باشقا كەنتلەردىكى مەكتەپلەرگە ئالماشتۇرۇپ تەقسىم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپچىلىق ئىدىيەسى تەتقىقاتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى.

2009- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ تېپىلغان ئىزچىلارنىڭ هايات پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلەشكە، ماتېرىيال توپلاشقا باشلىدىم. ئىزچىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئارخىپلار ۋە ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبىدىن يەنىلا شۇ ۋاقىتلاردا ئىزچىلارنىڭ قولىدا ئوقۇغان پېشقەدەملەرگە، ئىزچىلارنىڭ ئۇرۇق-

تۇغقانلىرى ۋە پەرزەنتلىرىگە مۇراجەت قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇلارمۇ مېنى يېقىندىن قوللاپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىزچىلارغا دائىر ئۆزلىرى بىلىدىغان قىممەتلىك ئۇچۇر، سۈرەت ۋە ئەسلىمىلەر بىلەن تەمىنلىدى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇرۇن ئاتۇشتىن باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم ئىزچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، غۇلجا، بورتالا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار ئۆزلىرى بىلىدىغان ئۇچۇر ۋە سۈرەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. بىر قىسىم سۈرەت ۋە ئۇچۇرلارنى كېيىن تەييارلاپ ئەۋەتىپ بەردى. ناھايىتى زور ئىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسامۇ ئابدۇ غوپۇر قوناجى، نەسىردىن سادىق، يۈسۈپ روزى، ئابدۇروسۇل تاشمۇھەممەت، ئابدۇ سەمى قارى ھاجى قاتارلىق بەش نەپەر ئىزچىنىڭ رەسىمىنى تېپىش مۇمكىن بولمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 2010-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى رەتلەپ پۈتكۈزدۈم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنى قوللىغان، قىممەتلىك ئۇچۇر، ئەسلىمىلەر بىلەن تەمىنلىگەن پېشقەدەملەرگە، ئىزچىلارنىڭ قولىدا ئوقۇپ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىغا، شۇنداقلا ئىزچىلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە پەرزەنتلىرىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

ئوقۇرمەنلەرگە يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ قويىمەنكى، ئىزچىلارنى كىتابقا كىرگۈزۈشتە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەركىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى





جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلدى.

«ئىزچىلار» نامىدىكى بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا «ئۆمۈر داستانى»، «مەمتىلى ئەپەندى»، «باياۋاندىكى گۈلخان (ئۈچ قىسىم)»، «ئاتۇش»(1)، «ھۆسەينىيە روھى — تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش»، «تارىخىي يۇرت ئاغۇ ۋە ئاغۇلۇقلار»، «تاشئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى»، «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى — مۇھىتلار جەمەتى»، 1985-يىلى ئاتۇشتا پەننىي مائارىپ بارلىققا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقىغا ئىشلەنگەن «مەشئەل» ژۇرنىلى، ئاتۇش ئوڭئېرىقتا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىغا بېغىشلانغان «ئوڭئېرىقتىكى ئۆچمەس مەشئەل» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئىزچىلارغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردىن پايدىلاندىم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ قەلەم ئىگىلىرىگە چىن دىلىمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

2011-يىلى يانۋار. ئاتۇش

图书在版编目（C I P）数据

耕耘者的足迹 ： 维吾尔文 / 阿布都赛买提·肉孜 著. — 乌鲁木齐 ： 新疆大学出版社，2013.7
ISBN 978-7-5631-2646-0

Ⅰ. ①耕… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①教育工作者—先进事迹—新疆—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①K825.46

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 168346 号

责任编辑：吐尔逊·卡迪尔
责任校对：阿不都力木·阿不都热依木
封面设计：迪力木拉提·吐尔逊
排版设计：艾力·吾休尔

# 耕耘者的足迹

阿布都赛买提·肉孜 著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号　邮编：830046）
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880 毫米×1230 毫米　1/32　14.125 印张
2013 年 7 月第 1 版　2013 年 7 月第 1 次印刷

ISBN 978—7—5631—2646—0
定价：65.00 元